باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 4 - يىللىقى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر تىلى

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

# نەشرىياتتىن

قولىڭىزلاردىكى بۇ بىر يۈرۈش «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىگى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى «ئۇيغۇر تىلى» ۋە «ئەدەبىيات» دەرسلىكلەرنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن تەھرىرلەپ نەشرگە تەييارلاندى.

بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكلەرنى تۈزۈش، تەھرىرلەشكە ئۈرۈمچى شەھرىدىن ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار، شۇنىڭدەك شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىكى بىر قىسىم تەھرىر ۋە تەرجىمانلار قاتناشتى.

سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىكلىگى، دەرسلىك تۈزۈش تەجرىبىمىزنىڭ كەملىگى ۋە ۋاقىتنىڭ ئالدىراش بولغانلىغى تۈپەيلىدىن بۇ دەرسلىكلەردە بىرمۇنچە كەمچىلىك-خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى نەشرلىرىدە تۈزىتىۋېلىش ئۈچۈن كەڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

## مۇندەرىجە


1. سۆز تۈركۆملىرى .................... 1
2. ئىسىم .................... 3
3. ئىسىملارنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك تۈرى .... 6
4. ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ....... 9
5. ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ
ئىملاسى .................... 14
6. ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى ... 18
ئىسىملار توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش.... 23
7. باش كېلىش .................... 26
8. ئىگىلىك كېلىش .................... 29
9. چۈشۈم كېلىش .................... 32
10. بېرىش كېلىش .................... 36
11. چىقىش كېلىش .................... 40
12. ئورۇن كېلىش .................... 43
كېلىشلەر توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش.... 46
13. سۈپەت .................... 51
14. سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر ........ 54
15. سان .................... 56
16. ئالماش .................... 59
17. پېئىل .................... 61

18. بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز پېئىللار ............ 64
19. پېئىلدا شەخسلەر ............ 66
20. پېئىل زامانلىرى ............ 69
سۈپەت، سان، ئالماش ۋە پېئىل توغرىلىق
ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش ............ 74
21. جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى ............ 78
22. ئىگە ............ 79
23. خەۋەر ............ 84
24. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ باغلىنىشى ............ 88
25. ئەگەشمە بۆلەكلەر ............ 91
26. تولدۇرغۇچى ............ 94
27. ئېنىقلىغۇچى ............ 97
28. ھالەت ............ 100
جۈملە بۆلەكلىرى توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى
تەكرارلاش ............ 103

## 1. سۆز تۈركۈملەرى

1. ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە بەكمۇ كۆيۈنىدۇ.

2. ئوقۇغۇچىلار قىزىل، كۆك، يېشىل، ئاق ۋە سېرىق قەغەزلەردىن گۈل ياسىدى.

3. بىزنىڭ سىنىپتا 45 بالا ئوقۇيدۇ.

4. مەكتەپ مۇدىرى ئەبەيدۇللا ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا سۆزلىدى.

5. مەن، قاسىم ۋە پاتەم ئۈچىمىز بىللە مۇزا-كىرە قىلدۇق.

6. ۋاھ، بۈگۈن مەكتەپ بەكمۇ جانلىنىپ كېتىپ-تىغۇ!

يۇقۇرىدىكى جۈملىلەردە ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى، سۈپىتىنى، سانىنى، ئىش-ھەركىتىنى، شۇنداقلا ئىش-ھەركەتنىڭ ۋاقتىنى... بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بار.

> جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ ئالاھىدە مەنىسى بولىدۇ. ئۇلار ئاڭلاتقان مەنىلىرىگە قاراپ بىرقانچە تۈركۈملەرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: رەنا، كىتاپ، كۈن، مەكتەپ، بالا، قادىر، بۇلبۇل، دەريا...

2) ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگىسىنى، رەڭگىنى

(سۈپىتىنى) بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: چوڭ، ئېگىز، قىزىل، كۆك، ئۇزۇن، ياخشى ...

3) ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: بەش، ئون، يىگىرمە، مىڭ ...

4) ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: ئوقۇ، ياز، ئىشلىدى، چىقاردى، كۈلدى ...

> تىلىمىزدىكى سۆزلەر ئاڭلاتقان مەنىلىرىگە قاراپ بىرقانچە تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. سۆزلەرنىڭ شۇنداق تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشىنى سۆز تۈركۈمى دەيمىز.

ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكى سۆز تۈركۈملىرى بار:

1. ئىسىم: يەر، سۇ، ئەمگەك، بېيجىڭ، زىرۋان، يامغۇر، بايرام، دەريا ...
2. سۈپەت: سېمىز، يورۇق، ئاق، ئاتلىق، تىرىشچان ...
3. سان: ئۈچ، يۈز، بىر مىڭ، ئىككى يۈز، قىرىق بەش ...
4. ئالماش: مەن، سەن، ئۇ، بىز، مۇنۇ، ئۇلار ...
5. پېئىل: ماڭ، ئىشلە، باردى، ئوقۇدى، كەلمىدى ...
6. ياردەمچى سۆزلەر: ھەم، بىلەن، ۋە، ياكى، ئەمما، ئۈچۈن ...
7. رەۋىش: ئاخشام، بۈگۈن، يۇقىرى، ئەتىگەن ...
8. ئىملىقلار: ئاھ، ئۇھ، ھاي، گاژ-گۇژ، ۋاژ-ۋۇژ ...

## 2. ئىسىم

ئاي، پاختا، ئىشچىلار، ئىنقىلاپ، دەرەخلەر، يامغۇر، ئوسمان

يۇقۇرىدىكى سۆزلەرگە قانداق سوئاللار بېرىلىدۇ؟

> ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ، ۋەقەلەرنىڭ ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ئىسىم دەيمىز.
>
> ئىسىملارغا تۆۋەندىكىدەك سوئاللار بېرىلىدۇ: ئادەملەر ئۈچۈن كىم؟ كىملەر؟ باشقا جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر ئۈچۈن نېمە؟ نېمىلەر؟

مەسىلەن: ئوقۇغۇچى، شەھەر، گۈلدۈرماما، ئايگۈل، مەكتەپ، كۆل، سۈت ۋە باشقىلار.

1. كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇنى دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈڭلار.

يەكشەنبە كۈنى ئىدى. ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق. كۈن ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى يەر يۈزىگە ئايىماي سېپەتتى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە يىغىلدى. ئۇلار رەتلىك تىزىلىپ، مەكتەپنىڭ دىخانچىلىق مەيدانىغا قاراپ يول ئالدى. ئېتىزلىقنى ئاپپاق پاختىلار قاپلىغان ئىدى.

ئۆتمۈزلۈق قىزغىن ئەمگەك قاينىمىغا چۆمدى. بىركۈن-
لۈك قىزغىن ئەمگەكتىن كېيىن باللار خوشال-خورام
ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

2- كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇغلار، سوئال بېرىپ ئىسىملارنى تېپىڭلار.

### پەن - بىلىم ئىگەللەيمەن

قولۇمدا كىتاپ، دەپتەر،
قەلبىمدە پۈتۈن ئالەم.
جاھاندا بارمىدۇ دوستلار،
مېنىڭدەك بەختىيار ئادەم.

گۈل - غۇنچە ئېچىلمامدۇ،
باھاردا نۇر ئېلىپ ئاگدىن.
زوق - ئىلھام ئالار دائىم،
بۇلبۇل گۈل - گۈلىستاندىن.

3- كۆنۈكمە: تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇغلار، كۆپ چېكىت-لەرنىڭ ئورنىغا لايىق ئىسىملارنى تېپىپ يېزىڭلار.

1. ئوقۇش قوراللىرى: دەپتەر، كىتاپ...
2. دېخانچىلىق زىرائەتلىرى: بۇغداي، قوناق...
3. كۆكتاتلار: ياڭيۇ، سەۋزە...
4. ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرى: گۈلسۈم، ماخمۇت...

5. شەھەرلەر: ئۈرۈمچى، قەشقەر...

6. باغدا ئۆسىدىغان مېۋىلەر: ئۈزۈم، ئالما...

7. تەبىئەت ھادىسىلىرى: گۈلدۈرماما، يامغۇر...

8. ھايۋاناتلار: قوي، كالا...

9. قۇشلار: قۇشقاچ، بۇلبۇل...

4 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار مەكتەپتە، ئۆيدە ھەم ئېتىزلىقتا كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىپ كېلىڭلار.


5 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىڭلار ۋە ئۇلارنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈڭلار.

ئۈلگە: ياسىن كىتاپ ئوقۇۋاتىدۇ.









## 3. ئىسىملارنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك تۈرى

بىز ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئوقۇغۇچى» دىگەندە بىز پەقەت بىرلا ئوقۇغۇچىنى، «ئوقۇغۇچىلار» دىگەندە بىردىن ئوشۇق بىرقانچە ئوقۇغۇچىنى چۈشىنىمىز.

«كىتاپ» دىگەندە بىرلا كىتاپنى، «كىتاپلار» دىگەندە بىردىن ئوشۇق بىرقانچە كىتاپنى چۈشىنىمىز.

دىمەك، ئىسىملار بەزىدە بىرلىك، بەزىدە كۆپلۈك مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

بىرلا ئادەم ياكى بىرلا نەرسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى بىرلىك ئىسىم دەيمىز.

مەسىلەن: ئوقۇتقۇچى، دەپتەر، بالا

بىردىن ئوشۇق ئادەم ۋە بىردىن ئوشۇق نەرسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى كۆپلۈك ئىسىم دەيمىز.

بىرلىك ئىسىملارغا «لار، لەر» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق كۆپلۈك ئىسىملار ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇتقۇچىلار، دەپتەرلەر، باللار، پارتىلار، ئۆيلەر

> ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىدىن باشقا سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قو- شۇمچىلەرمۇ ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلارغا، كىتاپلاردىن، دەپتەرلەر- گە، شەھەرلەردە، يېزىلارنىڭ، باغۋەنلەرگە ۋە باشقىلار.

6- كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، بىرلىك ئىسىملارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، كۆپلۈك ئىسىم- لارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. بىزنىڭ سىنىپ پاكىز ھەم يورۇق. 2. سى- نىپقا پارتىلار رەتلىك قويۇلغان. 3. ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن سىنىپنى تازىلايمىز. 4. پارتا، ئورۇندۇقلارنى پاكىز سۈرتىمىز. 5. مەكتەپ سىنىپلار ئارا تازىلىق مۇسابىقىسىنى يولغا قويدى. 6. ئوقۇت- قۇچىمىز بىزنى تازىلىقنى تېخىمۇ ياخشىلاش ھەققىدە مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇردى. 7. ئوقۇغۇچىلار تازىلىقنى تې- خىمۇ ياخشىلاشقا بەل باغلىدى.

7- كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ئۇرغۇن چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا «لار، لەر» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاڭلار.

قەلەم ... ئۇستەل ... تىراكتور ... بۇغداي ... ئۆدەك ... ئۈزۈم ... قوغۇن ... ئۆي ... ئادەم ... قەھرى- مان ... ئۇتۇق ... يۇلتۇز ... قول ... زاۋۇت ...

٥. كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ، بىرلىك ساندىكى ئىسىملارنى بىر بۆلەك، كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملارنى يەنە بىر بۆلەك كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

## شەھەر خاتىرىسى

يازدا ناسىر بىلەن ئىككىمىز شەھەرگە باردۇق. شەھەر ناھايىتى چوڭ ئىكەن. ئېگىز ۋە چىرايلىق ئىمارەتلەرنى، كەڭ، گۈزەل كوچىلارنى كۆردۇق. كوچىلاردا قاتار-قاتار دەرەخلەر، ئېرىقلاردا ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇلار شەھەرنى سالقىن قىلىپ تۇراتتى.

تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا كىردۇق. ماگىزىندا ئوقۇش قوراللىرى ۋە تۈرلۈك ماللار نۇرغۇن ئىكەن. ناسىر ئىككىمىز شەھەردە راسا تاماشا قىلدۇق. ناسىر كىتاپ ئالدى. مەن دەپتەر، قېرىنداش ھەم بوياقلارنى ئالدىم. ئەتىسى يېزىمىزغا قايتىپ كەلدۇق.

## 4. ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى

يېزا - يېزام، يېزىمىز.
يېزا - يېزاڭ، يېزاڭلار.
يېزا - يېزىسى.

يۇقۇرىدىكى يېزا دىگەن سۆزگە دىققەت قىلىڭلار. يېزا دىگەن ئىسىمنىڭ ئاخىرى قانداق ئۆزگىرىپ كەلـ-گەن؟ ئۇنىڭ ئاخىرىغا قانداق قوشۇمچىلەر ئۇلانغان؟

> ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ قايسى شەخسكە قاراشلىق ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمـ-چىلەرنى ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى دەيمىز.
>
> ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملار بىرلىك ھەم كۆپلۈك بولۇپ، مېنىڭ، بىزنىڭ، سېنىڭ، سىلەرنىڭ، ئۇ-نىڭ، ئۇلارنىڭ دىگەن ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئۈچ شەخس بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** بىرلىك

I شەخس (سۆزلىگۈچى): مېنىڭ يېزام.

II شەخس (تىڭشىغۇچى): سېنىڭ يېزاڭ.

III شەخس (ئۆزگە): ئۇنىڭ يېزىسى.

كۆپلۈك

I شەخس (سۆزلىگۈچى): بىزنىڭ يېزىمىز.

II شەخس (تىڭشىغۇچى): سىلەرنىڭ يېزاڭلار.

III شەخس (ئۆزگە): ئۇلارنىڭ يېزىسى.

ئىسملارنىڭ ئاخىرىغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىچە ئۇلىنىپ كېلىدۇ:

I شەخس (سۆزلىگۈچى)

بىرلىك ئۇچۇن: م، ىم، ـۇم، ۇم

كۆپلۈك ئۇچۇن: مىز، ىمىز

| بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|
| مېنىڭ ئانام | بىزنىڭ ئانىمىز |
| مېنىڭ ۋەتىنىم | بىزنىڭ ۋەتىنىمىز |
| مېنىڭ ئوقۇشۇم | بىزنىڭ ئوقۇشىمىز |
| مېنىڭ سۆزۈم | بىزنىڭ سۆزىمىز |

II شەخس (تىڭشىغۇچى)

بىرلىك ئۇچۇن: ڭ، ىڭ، ـۇڭ، ۇڭ

سىپايە تۈرى ئۇچۇن: ڭىز، ىڭىز

كۆپلۈك ئۇچۇن: ڭلار، ىڭلار

| بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|
| سېنىڭ ئاناڭ | سىلەرنىڭ ئاناڭلار |
| سېنىڭ دەپتىرىڭ | سىلەرنىڭ دەپتىرىڭلار |
| سېنىڭ ئوقۇشۇڭ | سىلەرنىڭ ئوقۇشۇڭلار |
| سېنىڭ سۆزۈڭ | سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار |

سىپايە تۈرى

| | |
|---|---|
| سىزنىڭ ئاناڭىز | سىلىنىڭ ئانىلىرى |
| سىزنىڭ دەپتىرىڭىز | سىلىنىڭ دەپتەرلىرى |
| سىزنىڭ ئوقۇشىڭىز | سىلىنىڭ ئوقۇشلىرى |
| سىزنىڭ سۆزىڭىز | سىلىنىڭ سۆزلىرى |

## II شەخس (ئۆزگە)

بىرلىك ھەم كۆپلۈك ئۈچۈن: ى، سى

| بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|
| ئۇنىڭ ئانىسى | ئۇلارنىڭ ئانىسى |
| ئۇنىڭ دەپتىرى | ئۇلارنىڭ دەپتىرى |
| ئۇنىڭ ئوقۇشى | ئۇلارنىڭ ئوقۇشى |
| ئۇنىڭ سۆزى | ئۇلارنىڭ سۆزى |

### ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| شەخسلەر | بىرلىك: قوشۇمچىلىرى | بىرلىك: مىساللار | كۆپلۈك: قوشۇمچىلىرى | كۆپلۈك: مىساللار |
|---|---|---|---|---|
| I شەخس | -م | دادام | -مىز | دادىمىز |
| | -ىم | ئەمگىكىم | | ئەمگىكىمىز |
| | -ۇم | ئوقۇشۇم | -ىمىز | ئوقۇشىمىز |
| | ۇم | سۆزۇم | | سۆزىمىز |
| II شەخس | -ڭ | داداڭ | | |
| | (-ڭىز) | (دادىڭىز) | -ڭلار | داداڭلار |
| | -ىڭ | ئەمگىكىڭ | -ڭلار | ئەمگىكىڭلار |
| | -ىڭىز | ئەمگىكىڭىز | -ۇڭلار | ئوقۇشۇڭلار |
| | -ۇڭ | ئوقۇشۇڭ | -ۇڭلار | سۆزۇڭلار |
| | -ۇڭ | سۆزۇڭ | | |
| III شەخس | -سى | دادىسى | -سى | دادىسى |
| | ى | ئەمگىكى | ى | ئەمگىكى |
| | ى | ئوقۇشى | ى | ئوقۇشى |
| | ى | سۆزى | ى | سۆزى |

9. كۈنۈكمە: مېنىڭ، سېنىڭ، ئۇنىڭ، بىزنىڭ، سىلەرنىڭ، سىزنىڭ دېگەن سۆزلەرگە دوست، قەلەم، دەپتەر، ۋەتەن دېگەن ئىسىملارنى قوشۇپ يېزىڭلار، شۇ چاغدا دوست قەلەم، دەپتەر، ۋەتەن دېگەن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قانداق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

ئۈلگە: مېنىڭ دوستۇم، سېنىڭ دوستۇڭ، ئۇنىڭ دوستى، بىزنىڭ دوستىمىز، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار، سىزنىڭ دوستىڭىز، ئۇنىڭ دوستى، ئۇلارنىڭ دوستى.

10. كۈنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملارنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ تومۇرىنى قوشۇمچىسىدىن ئايرىپ چىقىڭلار.

1. ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-رويىڭ سامان بولماس. 2. سىلەرنىڭ ئەمگىكىڭلار ياخشى بوپتۇ. 3. ئۇنىڭ ئوقۇشى ياخشى. 4. مېنىڭ دادام زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. 5. سېنىڭ خېتىڭ چىرايلىق ئىكەن. 6. ئۇلارنىڭ سىنىپى تازىلىقتا ئىنتايىن ياخشى. 7. تۇرسۇنلارنىڭ مەكتىپى بىزنىڭ ئۆيگە يېقىن.

ئۈلگە: يۇرتۇڭ — يۇرت + ۇڭ

11. كۈنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارنى ئۈلگىدە كۆرسىتىلگىنى بويىچە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەپ يېزىڭلار.

ئىش، قەغەز، ئەمگەك، مەكتەپ

| ئۈلگە: بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|
| مېنىڭ مەكتىپىم | بىزنىڭ مەكتىپىمىز |
| سېنىڭ مەكتىپىڭ | سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلار |
| ئۇنىڭ مەكتىپى | ئۇلارنىڭ مەكتىپى |

12 . كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ، ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان سۆزلەرنى تېپىڭلار.

## بىلىم بۇلىغى

ئىلىم - پەن بېغى،
كەڭدۇر قۇچىغى.
ئىچىدىكى تۈگىمەس،
بىلىم بۇلىغى.
ئۇنى ئىچمىسەك،
بولار خورلۇغى.
بىلىنەر ھامان،
ئىچىك پورلۇغى.
ئۇنى ئىچكەنىنىڭ،
كۆپتۇر ماغدۇرى.
بولار ھەر سەپتە،
جەڭنىڭ باتۇرى.
ئۇنى ئىچكەنىنىڭ،
قانار ئارزۇسى،
باسماس نادانلىق،
كۆلپەت قايغۇسى.

## 5. ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ ئىملاسى

تاپشۇرۇق ـ تاپشۇرۇغى
تاماق ـ تامىغى
ئەمگەك ـ ئەمگىكى
ئۆتۈك ـ ئۆتۈكى

يۇقۇرىدىكى ئىسىملارنىڭ ئاخىرى قانداق تاۋۇش-لار بىلەن ئاياقلاشقان؟ ئۇ ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇم-چىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەندە ئاخىرىدىكى «ق،ك» تاۋۇش-لىرى قانداق تاۋۇشلار بىلەن ئالمىشىپ كەلگەن؟

> ئاخىرى «ق،ك» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياق-لاشقان كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەندە، شۇ سۆز-لەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ق» تاۋۇشى «غ» تاۋۇشىغا، «ك» تاۋۇشى «گ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ.

مەسىلەن: ئۇتۇق ـ ئۇتۇغى
سامساق ـ سامسىغى
بۇلاق ـ بۇلىغى
تىلەك ـ تىلىگى

كۆينەك ـ كۆينىگى ـ كوينىگىم
لەگلەك ـ لەگلىگىم

13 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئىگىلىك قوشۇمـ
چىلىرىنى ئۇلاپ يېزىڭلار، «ق» تاۋۇشىنىڭ «غ» تاۋۇشىغا
ئالماشقانلىغىغا دىققەت قىلىڭلار.

بايراق، ئوغاق، تاماق، قوشۇق، قولاق، ياپلاق،
بېلىق، ياغلىق، ئاتاق، ئوزۇق، ياتاق

14 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئىگىلىك قوشۇمـ
چىلىرىنى ئۇلاپ يېزىڭلار، «ك» تاۋۇشىنىڭ «گ» تاۋۇـ
شىغا ئۆزگىرىشكەنلىگىگە دىققەت قىلىڭلار.

ئەمگەك، ئەيىنەك، يۈرەك، گۈرجەك، تىلەك، ئىشىك،
چەينەك، بۆشۈك، تۆۋرۈك

15 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېـ
زىڭلار، كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا لايىق ئىگىلىك قوشۇمـ
چىلىرىنى قويۇڭلار.

1. پىئونېرلارنىڭ گالستۇك ... شامالدا يەلپۈنـ
مەكتە. 2. مەريەمنىڭ ياغلىق ... قىزىل. 3. ئېلىمىزنىڭ
تەبىئى بايلىق ... نۇرغۇن. 4. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىلەك ...
پەرزەنتلىرىنى ۋەتەنگە يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىـ
يىلەش. 5. بۇ خەلقىنىڭ قوشاق ... 6. بىزنىڭ سىنىپ
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىلغان ئەمگەك ... ياخشى باھالاندى.

| | |
|---|---|
| ئات ـ ئېتى | بالا ـ بالىسى |
| ياغ ـ يېغى | جوزا ـ جوزىسى |
| يەر ـ يېرى | قەغەز ـ قەغىزى |

مەش - مېشى     قەلەم - قەلمى

يۇقۇردكى ئسملاردا قانداق سوزۇق تاۋۇشلار بار؟ ئۇ ئسملارغا (ئات، ياغ، يەر، مەش، بالا، جوزا، قەغەز، قەلەم) ئگلك قوشۇمچلرى ئۇلنپ كەلگەندە، ئۇ ئسملاردكى «ئا، ئە» تاۋۇشلرى قانداق تاۋۇشلار بلەن نۆۋەتلشدۇ؟

بر بوغۇملۇق ئسملارغا ئگلك قوشۇمچلرى ئۇلنپ كەلگەندە، ئۇنڭدكى «ئا، ئە» تاۋۇشلرى «ئې» تاۋۇشغا نۆۋەتلشدۇ.

مەسلەن: ئاش - ئېشم، باش - بېشى، قاش - قېشى، بەل - بېلى، يەم - يېمى

كۆپ بوغۇملۇق ئسملارغا ئگلك قوشۇمچلرى ئۇلنپ كەلگەندە، ئۇ ئسملارنڭ ئاخرقى بوغۇملرىدكى «ئا، ئە» تاۋۇشلرى «ئى» تاۋۇشغا نۆۋەتلشدۇ.

مەسلەن: ئانا - ئانسى، قاچا - قاچسى، ئالما - ئالمسى، دەپتەر - دەپترى، قەغەز - قەغزى، چنە - چنسى

بەزى سۆزلەر بۇ قائدگە بېقنمايدۇ.

مەسلەن: نام - نامى، قارار - قارارى، بنا - بناسى، تەم - تەمى، ئېلپبە - ئېلپبەسى، چەم - چەمى

16 - كۆنۈكمە: تۆۋەندكى ئسملارغا ئگلك قوشۇمچلرنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار، «ئا، ئە» تاۋۇشلرنڭ «ئې» تاۋۇشى بلەن نۆۋەتلەشكەنلكگە دققەت قلڭلار.

ئاش، خەت، باغ، ئاق، مال، قاپ، يەر، نان

17 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارغا ئىگىلىك قو-شۇمچىلىرىنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار. «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئى» تاۋۇشىغا ئۆزگەرتىلىشىگە دىققەت قىلىڭلار.

بالا، پارتا، قەلەم، مېۋە، پالتا، كەكە، شوتا، ئانار، ئۇستەل

18 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارغا Ⅲ شەخسنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار. «ئا، ئە» تا-ۋۇشلىرىنىڭ «ئې» ھەم «ئى» تاۋۇشىغا ئۆزگەرتىلىشىگە سەپسىلىڭلار.

گەمە، تال، كۆلچەك، تۇماق، ئەلگەك، قايماق، پىچاق، نان، ئىلمەك، لاي، تايچاق، گۇرجەك، چاقماق، چىنە، ئاي، قانات، يېزا، يايلاق، مەش، چاچ، ئاكا، بىدە

## 6. ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى

| | |
|---|---|
| ۋەتەن (نىمە؟) | خەلق (كىم؟) |
| ۋەتەننىڭ | خەلقنىڭ |
| ۋەتەننى | خەلقنى |
| ۋەتەنگە | خەلققە |
| ۋەتەندىن | خەلقتىن |
| ۋەتەندە | خەلقتە |

يۇقۇرىدىكى «ۋەتەن، خەلق» دىگەن ئىسىملارغا قانداق قوشۇمچىلەر ئۇلانغان ۋە ئۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرى قانداق ئۆزگەرگەن؟ سوئال بېرىڭلار.

جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن باغلىنىپ كېلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرلۈك قوشۇمچىلەر ئۇلىنىپ، سۆزلەرنىڭ ئاخىرى ئۆزگىرىدۇ، شۇ قوشۇمچىلەرنىڭ بىر تۈرىنى كېلىش قوشۇمچىلىرى دەيمىز.

دىمەك، ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشىنى ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى دەيمىز.

كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئىسىملارغا كىمنىڭ؟ كىمنى؟ كىمگە؟ كىمدە؟ كىمدىن؟ نىمىنىڭ؟ نىمىنى؟ نىمىگە؟ نىمىدە؟ نىمىدىن؟ دىگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

ئىسىملارنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك شەكلىگە ئۇلىنىدىغان كېلىش قوشۇمچىلىرى ئالتە تۈرلۈك كېلىشتە كېلىدۇ.

1. باش كېلىش: بۇنىڭ قوشۇمچىسى يوق.
2. ئىگىلىك كېلىش: نىڭ
3. چۈشۈم كېلىش: نى
4. بېرىش كېلىش: غا، قا، گە، كە، قە، غە
5. چىقىش كېلىش: دىن، تىن
6. ئورۇن كېلىش: دا، دە، تا، تە

ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئۇلار ئىككى تۈرلۈك شەكىلدە تۈرلىنىپ كېلىدۇ.

1. ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانمىغان ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى.
2. ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى

### ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانمىغان ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەرنىڭ ئىسىملىرى | سوئاللار | ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى | كېلىش قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|
| باش كېلىش | كىم؟ نىمە؟ | ئات، يۈرەك، بالا، كۆز | — |
| ئىگىلىك كېلىش | كىمنىڭ؟ نىمىنىڭ؟ | ئاتنىڭ، يۈرەكنىڭ، كۆزنىڭ، بالىنىڭ | -نىڭ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| چۈشۈم كېلىش | كىمنى؟ نېمىنى؟ | ئاتنى، يۈرەكنى<br>بالىنى كۆزنى | -نى |
| بېرىش كېلىش | كىمگە؟ نېمىگە؟ | ئاتقا، يۈرەككە،<br>بالىغا، كۆزگە | -قا، -كە،<br>-غا، -گە |
| چىقىش كېلىش | كىمدىن؟ نېمىدىن؟ | ئاتتىن يۈرەكتىن<br>بالىدىن، كۆزدىن، | -تىن، -دىن |
| ئورۇن كېلىش | كىمدە؟ نېمىدە؟ | ئاتتا، يۈرەكتە<br>بالىدا، كۆزدە | -تا، -تە،<br>-دا، -دە |

ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملار-نىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى:

| كېلىشلەر-نىڭ ئىسىم-لىرى | ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشى | | | كېلىش قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|---|
| | I شەخس | II شەخس | III شەخس | |
| باش كېلىش | مەكتىۋىم<br>كىتاۋىم | مەكتىۋىڭ<br>كىتاۋىڭ | مەكتىۋى<br>كىتاۋى | — |
| ئىگىلىك كېلىش | مەكتىۋىمنىڭ<br>كىتاۋىمنىڭ | مەكتىۋىڭنىڭ<br>كىتاۋىڭنىڭ | مەكتىۋىنىڭ<br>كىتاۋىنىڭ | -نىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | مەكتىۋىمنى<br>كىتاۋىمنى | مەكتىۋىڭنى<br>كىتاۋىڭنى | مەكتىۋىنى<br>كىتاۋىنى | -نى |
| بېرىش كېلىش | مەكتىۋىمگە<br>كىتاۋىمغا | مەكتىۋىڭگە<br>كىتاۋىڭغا | مەكتىۋىگە<br>كىتاۋىغا | -گە، -غا |
| چىقىش كېلىش | مەكتىۋىمدىن<br>كىتاۋىمدىن | مەكتىۋىڭدىن<br>كىتاۋىڭدىن | مەكتىۋىدىن<br>كىتاۋىدىن | -دىن |
| ئورۇن كېلىش | مەكتىۋىمدە<br>كىتاۋىمدا | مەكتىۋىڭدە<br>كىتاۋىڭدا | مەكتىۋىدە<br>كىتاۋىدا | -دە، -دا |

> ئىگىلىك كېلىش ھەم چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملاردا، بەزىدە شۇ كېلىش قوشۇمچىلىرى چۈشۈپ قالىدۇ.

مەسىلەن: مەكتەپ قىرائەتخانىسى ئېچىلدى. مەكتەپنىڭ قىرائەتخانىسى ئېچىلدى. بىز دەرس تەييارلىدۇق. بىز دەرسنى تەييارلىدۇق. گۈلنار مەيدان تازىلىدى. گۈلنار مەيداننى تازىلىدى.

مۇنداق كېلىش قوشۇمچىلىرى چۈشۈپ قېلىپ ئېيتىلغان ئىسىملارنى باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار دەپ قارىماستىن، كېلىش قوشۇمچىلىرىسىز ئېيتىلغان ئىگىلىك كېلىش ياكى چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىملار دەپ قاراش كېرەك.

19 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، ئۇ جۈملىلەردىكى «مەكتەپ» دېگەن سۆزنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىش بىلەن قانداق تۈرلەنگەنلىكىگە ۋە قانداق سوئال بېرىلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

1. يېزىمىزدا يېڭى مەكتەپ (نېمە؟) سېلىندى.
2. مەكتەپنىڭ (نېمىنىڭ؟) ئىسمى «گۈلباغ مەكتىۋى».
3. بىز مەكتەپكە (نەگە؟) باردۇق.
4. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن (نەدىن؟) قايتتى.
5. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنى (نېمىنى؟) قىزغىن سۆيىدۇ.
6. قۇربان مەكتەپتە (نەدە؟) قالدى.

20 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارنىڭ ئالدىغا كېلىش-

لەرگە بېرىلىدىغان سوئاللارنى، ئاخىرىغا كېلىشلەرنىڭ ئامىنى يېزىڭلار.

ئۈلگە: نىمە تاغ ـ باش كېلىش.

| | |
|---|---|
| ......تاغ...... | ......تاققا...... |
| ......تاغنىڭ...... | ......تاغدىن...... |
| ......تاغنى...... | ......تاغدا...... |
| ......كۆل...... | ......ئالما...... |
| ......كۆلنىڭ...... | ......ئالمىنىڭ...... |
| ......كۆلنى...... | ......ئالمىنى...... |
| ......كۆلگە...... | ......ئالمىغا...... |
| ......كۆلدىن...... | ......ئالمىدىن...... |
| ......كۆلدە...... | ......ئالمىدا...... |

21 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىڭلار. «كۆل» دىگەن سۆزنىڭ قانداق كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئۆزلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بىزنىڭ باغدا بىر چوڭ كۆل بار. كۆلنىڭ سۈيى سۈزۈك ھەم پاكىز. كۆلگە قارىساڭ ئۇنىڭ تېگى كۆ- رۈنۈپ تۇرىدۇ. يازكۈنى كۆلنىڭ بويىغا كىگىز سېلىپ، سالقىنلاپ ئولتۇرىمىز. كۆلدە ئۇششاق بېلىقلارمۇ بار. بىز كۆلدىن سۇ ئېلىپ ئىچىمىز ھەم قارماق سېلىپ بېلىقلارنى تۇتىمىز. كۆلنىڭ ئۆپ-چۆرىسىگە گۈل تېرىدۇق، سۇپا ياسىدۇق. بۇ گۈللەر كۆلنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىپ تۇرىدۇ.

22 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنى كېلىشلەر بىلەن تۈرلەڭلار.

ئاكام، خېتىم، يېزام

## ئىسىم توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

23 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئىسىملارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارغا قايسى قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلانغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

قىش كەلدى. دەرەخلەر يالىڭاچلىنىپ قالدى. شىمالدىن چىققان شامال دەرەخ شاخلىرىدىكى قارلارنى ئۇچۇرماقتا. كۈننىڭ نۇرى ھەممە ئەتراپنى يورۇتماقتا. ئوقۇغۇچىلار قىشلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ مەكتەپكە مېڭىشتى.

24 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. شەھەرلەردە، يېزىلاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيمەكتە.

2. مەكتەپلەرنىڭ سانىمۇ يىلدىن - يىلغا ئاشماقتا.

3. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىشقا بولغان ھەۋىسى كۈچەيدى.

4. پىئونېرلار ئېكسكۇرسىيىگە ماڭدى.

5. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا ئىنتايىن كۆيۈنىدۇ.

25 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، ئۇلارنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈڭلار.

كىتاب، شەھەر، باغ، ئوقۇتقۇچى، خەلق، گۈل

26 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىڭلار، ئاندىن كېيىن شېئىردىكى ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملارنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ تومۇرىنى قوشۇمچىلىرىدىن ئايرىپ كۆرسىتىڭلار.

ۋەتىنىڭ ئۈچۈن ئايىما،
جېنىڭ بىلەن قېنىڭنى.
بايلىق سېنىڭ، يەر سېنىڭ،
ساقلا ئۇلۇغ ئېلىڭنى.

27 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئۈچ شەخسنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاڭلار، «ك» تاۋۇشىنىڭ «گ» تاۋۇشىغا، «ق» تاۋۇشىنىڭ «غ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

گالستۇك، بايلىق، كېپىنەك، ئوغاق، پىچاق، ئىشەك

28 - كۆنۈكمە: ئەل، باغ، ئانا، قەلەم دېگەن ئىسىملارنى ئۈچ شەخسلىك ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭلار، «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې» ھەم «ئى» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

29 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان سۆزلەرنى ئېنىقلاڭلار. قايسى سۆزلەردە «ق» تاۋۇشى «غ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن؟

ۋەتىنىم

ياشنىماقتىدۇر شەھەر، قىشلىغىڭ،
قايناپدۇ دائىم ھايات بۇلىغىڭ.

نۇرلۇق پارقىراپ كۆكـۈگدە مەغرۇر،
لەپىلدىمەكتە شانلىق بايرىغىمىز.
گۈلگە تولغىن ئەي ۋەتىنىم جۇڭگو،
ياشىنغىن شۇنداق ئۆسۈۋەر مەڭگۈ.

30-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قايسى كېلىشتە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بارات مەكتەپتىن كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىش بىلەن كىتاب - دەپتەرلىرىنى ئۈستەلگە قويدى. كىيىملىرىنى يېشىپ، كىيىم ئىلغۇچقا ئىلىپ قويدى، ئاندىن ئولتۇرۇپ تامىقىنى يېدى. تاماقتىن كېيىن، ئاپىسىغا ياردەملىشىپ، سۇ ئەكىردى، ئوتۇن ياردى. ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىنى چاقىرىپ بىرلىكتە دەرس تەييارلىدى.

## 7. باش كېلىش

1. گۈلشەن سىنىپىمىز بويىچە ئۆگىنىشتە ئەلاچى. قار ياغدى. دەل-دەرەخلەر ئاپپاق قارغا پۈركەندى. ئوقۇغۇچىلار كىنو كۆردى.

يۇقۇرىدىكى ئاستى سىزىلغان ئىسىملارغا قانداق سوئاللارنى بېرىشكە بولىدۇ؟

ئادەم ياكى نەرسىلەرنى بىلدۈرۈپ، كىم؟ كىملەر؟ نېمە؟ نېمىلەر؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدىغان ئىسىملار باش كېلىشتە ئېيتىلىدۇ.

1. سۆزنىڭ تومۇرى باش كېلىشتە بولىدۇ. گۈل، قەلەم، ناسىر، غۇنچەم، يەر، سۇ

2. سۆزنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان شەكلىمۇ باش كېلىشتە بولىدۇ.

مەكتىۋى، گۆشىمىز، يېزام

باش كېلىشنىڭ سوئاللىرى كىم؟ كىملەر؟ نېمە؟ نېمىلەر؟ نېمىسى؟ نېمەڭ؟ كىمى؟

31- كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ئىگىلىرى باش كېلىشتە كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ، كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارغا سوئال بېرىڭلار.

1. ئوقۇغۇچىلار پەننى بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە. 2. دىلبەر سىنىپىمىزغا ۋاكالىتەن چوڭ يىغىندا سۆزلىدى. 3. قار ياغدى. 4. سوغاق كوچەيدى. 5. دەلدەرەخلەر يوپۇرماقلىرىدىن ئايرىلدى. 6. باللار قاردىن ئادەم ياساپ ئوينىدى.

32-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەنلەرنىڭ ئىسىملىرىنى باش كېلىشتە كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭلار.






ئۈلگە: تىراكتور يەر ھەيدەۋاتىدۇ.

33-كۆنۈكمە: كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا ئۆزەڭلار بىلىدىغان باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى يېزىڭلار.

گۈللەر .........
قۇشلار ..........
قاچا ـ قومۇچلار .........
شەھەرلەر .........
كىيىم ـ كېچەكلەر ........
ئۆي ـ جاھازلىرى .......



## 8. ئىگىلىك كېلىش

1. ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ ـ دەريالىرى ئىنتايىن گۈزەل. 2. مەريەمنىڭ ئۆگىنىش تەجرىبىسى ھەممىمىزنى ئىنتايىن قايىل قىلدى. 3. ئادىلنىڭ دەپتىرى ئىنتايىن رەتلىك. 4. تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى دۇنياغا داڭلىق.

يۇقۇرىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە قانداق قوشۇمچە ئۇلانغان؟ قانداق سوئاللارنى بىرىشكە بولىدۇ؟

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ كىمگە، نىمىگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، كىمنىڭ؟ نىمىنىڭ؟ دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدىغان كېلىشنى ئىگىلىك كېلىش دەيمىز.

ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى بولىدۇ.

ئىگىلىك كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى: نىڭ. ئە-گىلىك كېلىشتىكى ئىسىملار ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئىسىملار بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن: كۆلنىڭ سۈيى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتىرى، مەكتىۋىمىزنىڭ دەرەخلىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىغى، خاسىيەتلەرنىڭ ئۆيى

34 - كۆنۈكمە: تىرناق ئىچىدىكى سوئاللارغا قاراپ،

ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئىگىلىك كېلىشىتە قويۇڭلار.

(كىمنىڭ؟) سۆزى
(نىمىنىڭ؟) ئاۋازى
(نىمىلەرنىڭ؟) چېچىگى
(نىمىنىڭ؟) تېزلىگى
(كىمنىڭ؟) ئەمگىگى
(نىمىنىڭ؟) چاقى
(كىمنىڭ؟) كىتاۋى

35 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئىگىلىك كېلىشىتە كەلگەن ئىسىملارنى تېپىڭلار.

1. قىزىل گۈلنىڭ پۇرىغى ياخشى. 2. بۇ يىل ئېتىزنىڭ ئىشى تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. 3. رابىيەمنىڭ ناھايىتى قىزىق كىتاپلىرى بار. 4. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىغى ئۈستۈن. 5. بىز تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمىز.

36 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ئاستى سىزىلغان ئىسىملارغا ئىگىلىك كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسىنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار.

1. ۋەزىپىنى ئورۇنلىغان ئىشچىلار... ئەمگەكلىرى باھالىنىپ، ئۇلار مۇكاپاتلاندى. 2. بۇلاق... سۈيى سۈزۈك. 3. ئۈرۈمچى... مەنزىرىسى گۈزەل. 4. مەكتىۋىمىز... تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كۈچەيمەكتە.

37 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ماقاللارنى ئوقۇپ چىقىپ، ئىگىلىك كېلىشىتە كەلگەن سۆزلەرگە سوئال بېرىڭلار.

1. يالغانچىنىڭ قۇيرۇغى بىر تۇتام. 2. ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى ئىلىم بىلەن. 3. ئادەمنىڭ تېشىغا قارىماي ئىچىگە قارا. 4. بىلىم — ئەقىلنىڭ چىرىغى. 5. ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ، مەزىسى يوق ئىشىنىڭ.

38. كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار ئويلاپ، بىرقانچە ئىسىملارنى تېپىڭلار. ئۇلارغا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈڭلار.

ئۈلگە: سانىيەمنىڭ خېتى چىرايلىق.

## ٩. چۈشۈم كېلىش

كۆللىتىمىز بۇ يېزىنى تاڭ قالغۇدەك،
ئىشچى-دىخان سەيلە قىلسۇن ھۆر بېغىمىنى.
ۋەتەن ئۈچۈن ھەسسە قوشماق مېنىڭ ئىشىم،
شۇڭا ئاتاپ بېغىشلىدىم ياشلىغىمىنى.

يۇقۇرقى شېئىردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە قانداق سوئاللارنى بېرىشكە بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ تومۇرى بىلەن قوشۇمچىسىنى ئاجرىتىپ بېرىڭلار.

> چۈشۈم كېلىشتە كېلىدىغان ئىسىملار ئىش-ھەركەت بىلەن باغلىنىپ ئىپتىلىدۇ. چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىملار كىمنى؟ نىمىنى؟ كىملەرنى؟ نىملەرنى؟ دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.
>
> چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.
>
> چۈشۈم كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى: نى

مەسىلەن: مەن ئەيسانى (كىمنى؟) مەكتەپتە كۆردۈم. بىز ۋەزىپىنى (نىمىنى؟) تولۇق ئورۇنلىدۇق. مەن ئوقۇغۇچىلارنى (كىملەرنى؟) باشلاپ زاۋۇتقا باردىم. بىز تاپشۇرۇقلارنى (نىملەرنى؟) ئىشلەپ بولدۇق.

بەزى ۋاقىتلاردا چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىم-
لار قوشۇمچىسىز ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنداق ۋاقىت-
لاردا نېمە؟ دىگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

مەسىلەن: مەن كىتاپنى ئوقۇدۇم. مەن كىتاپ (نېمە؟) ئوقۇدۇم. ئوقۇغۇچىلار دەرسنى تەييارلىدى. ئوقۇغۇچىلار دەرس (نېمە؟) تەييارلىدى.

مۇنداق كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قېلىپ ئىشلىتىلغان ئىسىملارنى باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار دەپ قارىماي، كېلىش قوشۇمچىسىز ئىشلىتىلغان چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىملار دەپ ئاتاش كېرەك.

39. كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك سوئاللارنى بېرىڭلار.

قەھرىمان ئاققۇزدى ئىسسىق قېنىنى،
خەلق ئۈچۈن قۇربان قىلدى ئەزىز جېنىنى.
ھەممە خەلق چىن يۈرەكتىن ئەسلەيدۇ،
قەھرىماننىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس نامىنى.

40. كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق ۋە ئۆزى چۈشۈم كېلىشتە كېلىپ قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان ئىسىملارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. تىرىشىپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ياخشىلايلى. 2. دىخانلار ئوغۇت يىغدى. 3. ئوقۇغۇچىلار


1 - ئۆكتەبىرنى خوشال-خورام ئۆتكۈزدى. 4. قىرا-
ئەتخانا ئۇچۇن ھەرخىل كىتاپلار سېتىۋالدۇق. 5. سە-
لىمە گېزىت ئوقۇدى. 6. بىز ئېلىم-پەننى قىزغىن سۆ-
يىمىز.

**41. كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ، جۈملە تۈزۈڭلار. چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

**ئۈلگە:** پىئونېرلار ئۆزلىرىدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئاسرىشى لازىم.











42 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك سوئاللارنى بېرىڭلار:

سۆيىمەن ۋەتىنىمنى،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئېلىمنى.
تۇپىسى ئالتۇن، سۈيى بال،
بۇ كەڭ، پارلاق يېرىمنى.

43 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار ئويلاپ، بەش جۈملە تۈزۈڭلار، ئۇلاردىكى ئىسىملارغا چۈشۈم كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن بولسۇن.

## 10 · بېرىش كېلىش

ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىردى. ئوقۇغۇچىلارغا دەرسنى بىر-بىرلەپ چۈشەندۈردى. مەن «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە يېزىلدىم. گېزىتكە بېسىلغان ماقالىلارنى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرىمەن.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان ئىسىملارغا قانداق قوشۇمچىلەر ئۇلانغان؟ ئۇلارغا قانداق سوئاللار بېرىلىدۇ؟

> بېرىش كېلىش ئادەم ۋە نەرسىلەر ئىش-ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدۇ.
>
> بېرىش كېلىشتىكى ئىسىملارغا كىمگە؟ نېمىگە؟ نېمىلەرگە؟ نېمىلەر؟ نەگە؟ دېگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.
>
> بېرىش كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە ئەگەشمە بۆلەك بولىدۇ.
>
> بېرىش كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى: قا، غا، گە، كە، قە، غە

مەسىلەن: ئايغا، ئاتقا، ئۆيگە، مەكتەپكە، خەلققە، قەشقەرغە، شەھەرگە، ئىشقا، نانغا، ئەمگەككە

تىل كېيىنى سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈ-
لۈپ، ئاخىرى جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن
ئاياقلاشقان سۆزلەرگە «غا» جاراڭسىز تاۋۇش
بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە «قا» قوشۇم-
چىسى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: ھاۋا - ھاۋاغا، يامغۇر - يامغۇرغا، ئوغاق - ئوغاققا، زاۋۇت - زاۋۇتقا

ئەگەر تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشى بىلەن
تۈزۈلۈپ، ئاخىرى جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن
ئاياقلاشقان سۆزلەرگە «گە، غە»، جاراڭسىز
تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە «كە،
قە» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: ۋەتەن - ۋەتەنگە، دەپتەر - دەپتەرگە، مەك-تەپ - مەكتەپكە، شەرق - شەرققە، قەشقەر - قەشقەرغە

44 - كۆنۈكمە: كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا بېرىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قويۇپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆ-چۈرۈپ يېزىڭلار.

1. بىز ئەمگەك ... تەييارلاندۇق. 2. ياقۇپ ئېتىز-... كەتتى. 3. بىز دەررۇ ئىش ... كىرىشتۇق. 4. راھىلە ئاپىسى ... ياردەملەشتى. 5. مېھرىگۈل مەكتەپ ... كەتتى. 6. بىز گېزىت ... يېزىلدۇق. 7. تازىلىق ... ئەھمىيەت بېرىپ، تەن سالامەتلىكىمىز ... كاپالەتلىك قىلايلى. 8. خەلق ... پايدىلىق ئىش قىلىمىز.

45 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى چوڭ كاتاكچىلەر ئىچىدىكى ئىسىملارغا كىچىك كاتەكچىلەر ئىچىدىكى بېرىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ لايىغىنى تولاپ كۆچۈرۈڭلار. قانداق ئىسىملارغا «غا، قا»، قانداق ئىسىملارغا «گە، كە، قە» قوشۇمچىلىرى ئۇلانغانلىغىغا دىققەت قىلىڭلار.

| | | | |
|---|---|---|---|
| يېزا | قا | ئەمگەك | گە |
| شەرق | غا | ئادەم | كە |
| ئۇتۇق | قە | يۈرەك | |
| خەلق | | ئۆي | |
| ئات | | سۆز | |
| تىراكتور | | گۈرجەك | |

46 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار. ئۇ جۈملىلەر ئىچىدىكى بېرىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى تېپىڭلار.





ئۆلگە: بېلىق قارماققا ئىلىندى.

47 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئىچىدىن بىرىش
كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى تېپىڭلار، ئۇلارغا سوئال بېرىپ،
تۇپ ئىسىمدىن بىرىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئايرىڭلار.
1. ئەكبەر باققا كىردى. 2. بىز مۇئەللىمگە گۈل
تەقدىم قىلدۇق. 3. مەن ئۆيدە ئاپامغا ياردەملىشىمەن.
4. بىز بۈگۈن ساياھەتكە چىقىمىز. 5. بىز ۋەتەنگە،
خەلققە پايدىلىق ئادەم بولىمىز.

## 11. چىقىش كېلىش

1. دىلنۇر ھەممە پەنلەردىن ئەلا باھا ئالدى. 2. ئەنۋەر مەكتەپتىن بىر كۈنمۇ قالمايدۇ. 3. ھەقىقەتنى ئەمىلىيەتتىن ئىزلەش كېرەك. 4. يىلنىڭ ئىشى باھاردىن باشلىنىدۇ.

يۇقۇرقى جۇملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە قانداق قوشۇمچىلەر ئۇلانغان؟ ئۇلارغا قانداق سوئال-لارنى بېرىشكە بولىدۇ؟


> چىقىش كېلىشتىكى ئىسملار كىمدىن؟ نېمىدىن؟ قەيەردىن؟ نەدىن؟ دىگەن سوئال-لارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.
>
> چىقىش كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى: دىن، تىن.
>
> ئەگەر سۆزنىڭ ئاخىرى جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن تۈگىسە، ئۇنىڭغا «دىن» قوشۇمچىسى، جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن تۈگىسە «تىن» قو-شۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: پويىز - پويىزدىن، ئېرىق - ئېرىقتىن، يېزا - يېزىدىن، ئەمگەك - ئەمگەكتىن

48-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ جۇملە تۈزۈڭلار. چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسملارغا سوئال بېرىڭلار.









ئۆلگە: ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن ياندى.

49 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى چوڭ كاتەكچىلەر ئىچىدىكى ئىسىملارغا كىچىك كاتەكچىلەر ئىچىدىكى چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ لايىقىنى ئۇلاڭلار.

| | | | |
|---|---|---|---|
| شەھەر<br>كىتاپ<br>باھار<br>يېزا<br>كۆۋرۈك<br>ئەمىلىيەت | — دىن، تىن | ئادەم<br>كۆرەش<br>بايراق<br>بالا<br>ياغاچ | — دىن، تىن |

50 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارغا چىقىش كېلىش قوشۇم-
چىلىرىنى ئۇلاڭلار ھەمدە ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈم-
لىلەرنى تۈزۈڭلار.

دەرس، قەغەز، خامان، ئىش، دەريا، ئوقۇغۇچى

ئۈلگە: ماخمۇت خاماندىن كەلدى.

## 12. ئورۇن كېلىش

1. دېخانلار ئېتىزدا ئىشلەۋاتىدۇ. 2. ئۆدەكلەر كۆلدە ئۈزۈپ يۈرىدۇ. 3. ئالىم، مېھرىگۈل، پەرىدەلەر سىنىپتا مۇزاكىرە قىلىۋاتىدۇ. 4. پەرھات چېلەكتە سۇ توشۇۋاتىدۇ.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان ئىسىملارغا قانداق قوشۇمچىلەر ئۇلانغان؟ ئۇلارغا قانداق سوئاللارنى بېرىشكە بولىدۇ؟

> ئورۇن كېلىش ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئورنى، ئىش-ھەركەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. ئورۇن كېلىشتىكى ئىسىملارغا كىمدە؟ نىمىدە؟ قەيەردە؟ نەدە؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ.
>
> ئورۇن كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتە، ئەمگەكتە، تۇرمۇشتا بىللە بولدى. ئۈرۈمچىدە، غۇلجىدا يېڭىدىن نۇرغۇن زاۋۇتلار قۇرۇلدى.

ئورۇن كېلشنىڭ قوشۇمچىلرى: دا، دە، تا، تە

تل كەينى سوزۇق، تاۋۇشلرى بلەن توزۇلۇپ، ئاخرى جاراڭلق تاۋۇش بلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە «دا»، جاراڭسز تاۋۇش بلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە «تا» قوشۇمچسى ئۇلنندۇ.

مەسلەن: باغ - باغدا، يېزا - يېزىدا، بايرام - بايرامدا، بۇلاق - بۇلاقتا، ئوقۇش - ئوقۇشتا، زاۋۇت - زاۋۇتتا

تل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بلەن توزۇلۇپ، ئاخرى جاراڭلق تاۋۇش بلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە «دە»، جاراڭسز تاۋۇش بلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە «تە» قوشۇمچسى ئۇلنندۇ.

مەسلەن: قەلەم - قەلەمدە، ئۇستەل - ئۇستەلدە، يۈرەك - يۈرەكتە، هەركەت - هەركەتتە

51. كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغلار، سوئال بېرىپ ئورۇن كېلشتە كەلگەن ئسىملارنى تېپىڭلار.

1. ئشچلار زاۋۇتلاردا، كانلاردا ئشلەيدۇ. 2. زەينەپ ئەخلاقتا، ئوقۇشتا هەم ئەمگەكتە ياخشى قىز. 3. بىز مەهەللىدە ئوگنىش گۇرۇپپسى تەشكىل قلدۇق. 4. بىزنىڭ مەكتەپتە بۇ يىل تۆت سنىپ ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردۇ. 5. ئوقۇغۇچلاردا ئلگرىلەش ناهايىتى زور.

52 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار. ئورۇن كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ قانداق ئۇلانغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

### ئىلىم - پەن باھارىدا

باھار پەسلى كەلگەندە،
ئېچىلار گۈل - چېچەكلەر.
ئىلىم - پەن باھارىدا،
شات يايرىدى يۈرەكلەر.
ئۆسەمىز بىز كۆچەتتەك،
باغۋەنلەرنىڭ ئەجرىدە.
بال يىغىمىز ھەرىدەك،
خۇش بۇي گۈلنىڭ بەرگىدە.
ساغلام ئۆسۈپ، ئوقۇيمىز،
ھەر بىر مىنۇت ۋاقىتتا.
بىلىم كانى — مەكتەپتە،
پەن مەرىپەت بىغىدا.

53 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارغا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاڭلار ھەمدە ئۇلارنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈپ يېزىڭلار.

ناھىيە، مەكتەپ، بالا، ئەتىياز، قىش، كۆكلەم، ياز

ئۈلگە: بىز ئەتىيازدا تېرىلغۇ ئىشلىرىغا ياردەملەشىمىز.

## كېلىشلەر توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

**54 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ، باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈڭلار.

### قىش

قىش كەلدى. پۈتۈن ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن قاپلاندى. جان-جانىۋارلار ئىسسىق ئۇۋىلىرىغا كىرىپ، قىشلىق ئۇيقۇغا كېتىشتى. قۇشلار جەنۇپ تەرەپكە — ئىسسىق ياقلارغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىشتى. كىشىلەر قىشنىڭ سوغىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىشلىق تەييارلىقلارنى قىلىشتى. بالىلار بولسا، مەكتەپتىن قايتىپ قىشنىڭ ئىزغىرىن سوغاق شامىلىغا قارىماي، چانىدا، كانكىدا تېيىلىشقا ئوخشاش ھەرخىل قىشلىق ئويۇنلارنى باشلىۋەتتى.

**55 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

### بىزنىڭ مەكتەپ

بىزنىڭ مەكتەپ چىرايلىق،
ئىلىم-پەننىڭ گۈلزارى.
قۇچاق ئاچتى گۈلزاردا،
بەختىمىزنىڭ باھارى.

بىزنىڭ مەكتەپ چىرايلىق،
گۈلگە تولغان باغلىرى.
يېڭى ئۆسۈر ياشلارنىڭ،
خۇشال ئوقۇش چاغلىرى.

بىزنىڭ مەكتەپ چىرايلىق،
ئۇستازلار بەك كۆيۈمچان.
ۋەتەننىڭ ئۈمىدىنى،
ئاقلايمىز بىز ھەرقاچان.

56 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، تىرناق ئىچىدىكى سوئالنىڭ ئورنىغا چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىملارنى تېپىپ قويۇڭلار.

1. غۇنچەم (نېمىنى؟) ئېلىپ، ئۆيگە كىردى. 2. ئۇ (نېمىنى؟) ياخشى كۆرىدۇ. 3. روشەنگۈل (نېمىنى؟) ئوقۇدى. 4. ئوقۇتقۇچى (كىمنى؟) ماختىدى. 5. مەن (نېمىنى؟) ياخشى كۆرىمەن.

57 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، كېلىش قوشۇمچىسىز ئىپادىلەنگەن ئىگىلىك كېلىش ھەم چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىملارنى تېپىڭلار.

1. شەھەر كوچىلىرى ئىنتايىن رەتلىك ۋە چىرايلىق. 2. تاغ ھاۋاسى ئىنتايىن يېقىملىق. 3. بىز بۈگۈن يېڭى بىر كىنو كۆردۇق. 4. بىز ئېتىزغا سۇ تۇتتۇق. 5. بۇلاق سۈيى سۈزۈك.

58 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار. بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

## پەنگە يورۇش قىلدۇق

سەھەر تۇرۇپ بارىمەن،
مەكتۇپىمگە گۇلشەنگە.
تەشنا دىلىم شۇنچىمۇ،
مەرىپەت، ئىلىم ـ پەنگە.

مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرى،
ئوخشايدۇ قەن ـ ناۋاتقا.
ئىگە قىلار ھەر سائەت،
مىنى يېڭى ساۋاتقا.

ئىگەللەشكە بىلىمنى،
بەلنى مەھكەم باغلىدىم.
چىقىش ئۈچۈن چوققىغا،
مەزمۇت قەدەم تاشلىدىم.

٥٩ ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. تىرناق ئىچىدىكى «گۈل، كېپىنەك» سۆزلىرىگە جۈملىدىكى مەنىلىرىگە قاراپ، مۇۋاپىق كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاڭلار.

بىزنىڭ باغدا چىرايلىق گۇللەر بار. (گۇل) تۈرلۈك كېپىنەكلەر قونىدۇ. باغدىكى (گۇللەر) پەرۋىش قىلىمىز. (گۈل) قونغان رەڭمۇ ـ رەڭ (كېپىنەكلەر) قوغلىشىپ ئوينايمىز. باغدىكى (كېپىنەكلەر) خىللىرى كۆپ.

باغدىكى (گۈللەر) خۇش پۇراقلىرى دىماققا ئۇرۇلۇپ، كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

60 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. تىرناق ئىچىدىكى ئىسىملارغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىنى ئۇلاڭلار.

1. (ساياھەت) يانغان بالىلار (بېشى) كۆچۈرگەن قىزىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. 2. مەن ئۈرۈمچىدىكى (ئاكام) خەت ئالدىم. 3. بىز (ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار) ئۈلگە ئالىمىز. 4. بىز (مۇزاكىرە) سائەت سەككىزدە قايتتۇق.

61 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ماقالالارنى ئوقۇپ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قانداق كېلىشتە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. ياشلىقتا ئۆگەنگەن تاشقا خەت ئويغاندەك، ياشانغاندا ئۆگەنگەن قۇمغا خەت يازغاندەك. 2. ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىش — ئالتۇننى ئەخلەت قىلىش. 3. تىرىشچانغا ۋاقىت يەتمەس، ھورۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس. 4. چۆلدە چاڭقىمىغان كىشى سۇنىڭ قەدرىگە يەتمەس. نادان ئادەم بىلىمنىڭ قەدرىگە يەتمەس. ئەقىل - پاراسەت ئەمگەكتىن كېلىدۇ، بىلىم تىرىشىپ ئۆگىنىشتىن كېلىدۇ. 6. بىلىمسىز كىشىنىڭ، ساپاسى يوق ئىشىنىڭ.

62 - كۆنۈكمە: تېپىشماقنى ئوقۇڭلار، ئورۇن كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

پەرۋاز قىلار لاچىندەك،
زۇمرەت كۆكتە ــ ئاسماندا.
يېتەر دىگەن نىشانغا،
بەلگىلەنگەن قارارداى.
ھەجەپ ھوزۇر ئالىسىز،
ئولتۇرسىڭىز مۇبادا.

## ·13 سۈپەت

ياپ - يېشىل مەخمەلگە پۈركەنگەن ئېتىز،
بىپايان، دولقۇنلۇق دېڭىزنىڭ ئۆزى.
بەختى ھۆر، گاڭ بىلەك يىگىت - قىزلارنىڭ،
ياڭرىدى ناخشىسى — يۈرەكنىڭ سۆزى.

يۇقۇرقى شېئىردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر نېمىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ ھەمدە ئۇلارغا قانداق سوئال بېرىلىدۇ؟

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگىسىنى (رەڭگىنى، تۈرىنى، تەمىنى، ھەجمىنى، خۇسۇسىيىتىنى، خۇلقىنى) بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى سۈپەت دەيمىز.

سۈپەتلەر قانداق؟ دىگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: چوڭ شەھەر (تانداق شەھەر؟)، ئۇزۇن يول (قانداق يول؟)، تاتلىق؟ ئالما (قانداق ئالما؟)، ياخشى كىتاپ (قانداق كىتاپ؟)، قىزىل گۈل (قانداق گۈل؟) ۋە باشقىلار.

جۇملىدە سۈپەتلەر ئىسىملار بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ ھەم ئىسىملارنىڭ رەڭگىنى، ساپاسىنى، شەكلىنى ۋەباشقا ئۆزگىچىلىكلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

بىر نەرسىنىڭ بىرنەچچە بەلگىسى بولۇشى مۇمكىن.

مەسىلەن: تاتلىق، شىرىن، چىرايلىق قوغۇنلار. قارا يورغا، يۈگۈرۈك ئات. ياخشى، خۇشخۇي، تېتىك، ئەپچىل، چاققان بالا.

بەزىدە ئىسىملار سۈپەت مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئىككى ئىسىم قاتار ئىشلىتىلسە، بىرىنچى ئىسىم ئىككىنچى ئىسىمنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: تۆمۈر قوشۇق، ياغاچ گۈرجەك، خۇرۇم ئاياق.

63-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ، سۈپەتلەرنى تېپىڭلار ھەمدە قانداق نەرسىلەرنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

### تاغ

ئېگىز ئاسمان بويلاپ تۇرغان،
كۆككە سىرداش ئېگىز تاغ.
ئېتەكلىرىڭ زىلچە-گىلەم،
ئازات كۈلگەن گۈزەل تاغ.

ئېگىز تاغلار ئالقىش ساڭا،
قوچاق ئاچقىن مىليونلارغا.
چەكسىز ھاۋا شۇنداق كۆپ - كۆك،
ئۈستۈڭ سېنىڭ يېشىل دالا.

64 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار، ئۇنىڭدىكى سۈپەتلەرنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بىزنىڭ شەھەر ناھايىتى چوڭ، ئازادە ھەم چىرايلىق. ئۇنىڭدا چوڭ - چوڭ بىنالار بار. شەھەر كوچىلىرى چوڭ. ھەرخىل چوڭ - كىچىك ماشىنىلار توختاۋسىز قاتناپ تۇرىدۇ. شەھەر مەدەنىيەت مەنبەسى. شەھىرىمىزدە چوڭ كۇلۇبلار، يېڭى - يېڭى مەكتەپلەر سېلىنىدى.

65 - كۆنۈكمە: ئېتىز، تاغ، مەيدان، پاختا، ئالما، بالا دېگەن ئىسىملارنىڭ ئالدىغا سۈپەتلەرنى قويۇپ، جۈملە تۈزۈڭلار.

ئۈلگە: كەڭ مەيدان ئادەملەر بىلەن لىق تولدى.

كەڭ مەيدان ئادەملەر دېڭىزىغا ئايلاندى.

66 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى قاتار ئېيتىلغان ئىسىملارنى ئوقۇڭلار، قايسى ئىسىم قايسى ئىسىمنىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئەينەك قاچا، تاشيول، مىس چۆگۈن، ياغاچ قوشۇق، گاڭ پىچاق، ماھۇت ياستۇق، قاما تۇماق

## 14. سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر

ئىشچان قىز، كۆچلۈك يىگىت

«ئىشچان، كۈچلۈك» دىگەنلەر سۈپەت بولۇپ، «ئىش» دىگەن ئىسىمغا «چان» قوشۇمچىسىنىڭ، «كۈچ» دىگەن ئىسىمغا «لۈك» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان.

بەزىدە ئىسىملارغا تۈرلۈك قوشۇمچىلەر ئۇلىنىش ئارقىلىقمۇ سۈپەت ياسىلىدۇ.

ئىسىملاردىن سۈپەت ياسايدىغان قوشۇمچىلەر مۇنۇلار:

1. «لىك، لىق، لۇق، لۈك» ئاتلىق قوشۇن، ناھىيىلىك دوختۇرخانا، سۇلۇق تاۋۇز، سۈتلۈك كالا ...

2. «دەك، تەك» تاغدەك ئىشلار، سۈت-تەك قەغەز، ئوتتەك ئىسسىق ...

3. «سىز» بۇلۇتسىز ئاسمان، سۇسىز چۆل...

4. «چان» ئەمگەكچان ئادەم، تىرىشچان بالا ....

بۇنداق ئىسىملاردىن ياسالغان سۈپەتلەر-گىمۇ قانداق؟ دىگەن سوئال بېرىلىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار تەشكىللىك ھالدا ئىشقا كىرىشتى. دۇڭ سۇنرۇي باتۇرلۇق بىلەن پوتەينى پارتلاتتى.

67 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنى ئۇلاپ، سۈپەتلەرنى ياساڭلار.

ئوت، كۈچ، بەخت، ئەقىل، رەت، گۈل، قورال، سۇ، ئۇنۇم، ساۋات، تاش، تەرتىپ، كۈن، تۇز

68 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارغا «لىك» قوشۇمچىسىنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار. سۆزنىڭ مەنىسى ئۆزگەرگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

مەدەنىيەت، تەشكىل، قۇۋۋەت، سۈپەت، بىلىم، رەڭ، يۈرەك

ئۈلگە: تەشكىل - تەشكىللىك

69 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، ياسالما سۈپەتلەر (سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان سۈپەتلەر) نى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1. بىزنىڭ خەلقىمىز ئىنتايىن تىرىشچان ھەم ئەمگەكچان. 2. بىز سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن بولۇش ئۈچۈن تىرىشىمىز. 3. بىز بەختلىك ياشاۋاتىمىز. 4. بىز ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا قاتناشتۇق. 5. ئەمگەك ۋاقتىمىز ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتتى. 6. سۇسىز چۆللەر ئەمگىكىمىزدىن ياپ - يېشىل بوستانلىقلارغا ئايلاندى. 7. كېچە سوتتەك ئايدىڭ بولدى.

## 15. سان

بىر يىلدا ئون ئىككى ئاي بار.

بىز تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇيمىز.

بىزنىڭ سىنىپتا قىرىق بالا ئوقۇيدۇ.

يۇقۇرىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە قانداق سوئاللارنى بېرىشكە بولىدۇ؟

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى، ھېسابىنى ۋە سان تەرتىپىدىن دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىنى سان دەيمىز.

سانلار ساناق سان ھەم دەرىجە سان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ساناق سانلار: بىر، ئىككى، بەش، يىگىرمە، ئەللىك، يۈز...

ساناق سانلار نەرسىلەرنىڭ سان يېقىدىن قانچە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ھەم نەچچە؟ قانچە؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: يۈز كىلوگىرام ئاشلىق، ئوتتۇز بالا، ئىككى دەپتەر، ئون سىنىپ

ساناق سانلارغا «ىنچى، ىنچى» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ دەرىجە سان ياسىلىدۇ.
دەرىجە سانلارغا نەچچىنچى؟ قانچىنچى؟ دىگەن سوئاللار بىرىلىدۇ.

مەسىلەن: تۆتىنچى سىنىپ، ئۈچىنچى قەۋەت، بەش يۈز ئون ئىككىنچى ئۆي ۋە باشقىلار.

بىردىن ئونغىچە سانلارنى ھەم ھەر بىر ئونلۇق سانلارنى ئاددىي سان دەيمىز.

مەسىلەن: بىر، بەش، يەتتە، ئون، يىگىرمە، ئوتتۇز، ئەللىك، يەتمىش، يۈزمىڭ، مىليون، ملىيارت

قوشۇلۇپ ئېيتىلغان سانلارنى يەنى ھەر بىر ئونلۇق، يۈزلۈك، مىڭلىق، مىليونلۇق ئىچىدىكى سانلارنى مۇرەككەپ سان دەيمىز.

مەسىلەن: ئون بىر، ئون بەش، يىگىرمە ئۈچ، قىرىق توققۇز، بەش يۈز سەكسەن، بەش مىڭ بىر يۈز يەتمىش ۋە باشقىلار.

70 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ساناق سانلارنى دەرىجە سانلارغا ئايلاندۇرۇڭلار.

بىر، ئۈچ، ئالتە، سەككىز، ئون، يىگىرمە، قىرىق، ئاتمىش، سەكسەن، توقسان، يۈز بەش، يەتمىش ئۈچ، ئەللىك، توقسان تۆت، ئىككى يۈز ئاتمىش

71 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، سانلارنى

تېپىڭلار، ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق سان ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بىز يىگىرمىنچى مەكتەپنىڭ تۆتىنچى سىنىپىدا ئوقۇيمىز. سىنىپىمىزدا قىرىق ئىككى بالا بار. سىنىپىمىزدىن قىرىق بالا كوچا تازىلىغىغا قاتناشتى. بىز ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈندۇق. مەن ئىنى ئىككىمىز ھارۋا بىلەن ئەخلەتلەرنى توشۇدۇق. ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ بولۇپ، ئۈچىنچى گۇرۇپپىغا ياردەملەشتى. سائەت ئون ئىككىدە ئىشتىن چۈشتۇق.

**72 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى تېپىشماقنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ساناق سانلارنىڭ ئاستىغا بىر، دەرىجە سانلارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

بىر كىشى دەرەخقە چىقىپ، قوللىرىنى تۆت قېتىم ئېچىپ يۇمدى. ھەر قېتىمدا قوللىرىدىن ئۈچ قۇش ئۇچۇپ چىقاتتى. ئالدىنقى ئۈچ قۇش ئۇچقاندا سوغاق شاماللار چىقتى، يوپۇرماقلار تۆكۈلدى. ئىككىنچى قېتىم ئۇچقاندا قار ياغدى، سۇلار مۇز توڭلىدى. ئۈچىنچى قېتىم ئۇچقاندا، قارلار ئېرىدى، دەل-دەرەخلەر كۆكەردى، سۇلار تاشتى. تۆتىنچى قېتىم ئۇچقاندا، ھاۋا ئىسسىدى، مېۋىلەر، بۇغدايلار پىشتى. بۇ كىشىنىڭ قۇشلىرى ناھايىتى ھەيۋەت قۇشلار ئىدى. ھەر بىر قۇش قانىتىنىڭ ئوتتۇز پەيى بار ئىدى. ھەر بىر پەينىڭ بىر چېتى قارا، بىر چېتى ئاق ئىدى. ھەممە قانىتىنىڭ ۋە ھەممە پەيلىرىنىڭ ئېتى بار ئىدى.

## 16. ئالماش

1. مەلىكە ئىنتايىن تىرىشچان ئوقۇغۇچى. 2. ئۇ
ھەممە پەنلەردىن دائىم ئەلا باھا ئالىدۇ. 3. بىز ماخ-
مۇتلارنىڭ ئۆيىگە باردۇق. 4. ئۇلار بىزنىڭ كەلگىنى-
مىزگە ناھايىتى خوشال بولدى.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر
ئىسىملارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن.

مەسىلەن: بىرىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى «مەلىكە»،
ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى «ئۇ»، ئىككىنچى جۈملە-
دىكى «ئۇ» دىگەن ئىگە «مەلىكە» دىگەن ئىسىمنىڭ
ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن.

> جۈملىدە ئىسىم، سۈپەت، سانلارنىڭ ئور-
> نىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆزلەرنى ئالماش
> دەيمىز.

مەسىلەن: جۇڭگو بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز. بىز ئۇ-
نى جان تىكىپ قوغدايمىز. مىجىت قىزىل قېرىنداش
سىېتىۋالدى. مەنمۇ شۇنداق قېرىنداش سېتىۋالدىم. ئالتىنى
ئۈچكە بولسەك ئىككى بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئۈچنى قوشساق
بەش بولىدۇ.

73-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار
ۋە ئالماشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

## ئاپتوۋۇزدا

ئاپتوۋۇزدا ئادەم ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. ئەركىن ئاپتوۋۇزنىڭ ئالدىنقى ئىشىگى تەرىپىدىكى بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاپتوۋۇز يەنە توختىدى. بىر ياشانغان بوۋاي ئاپتوۋۇزغا چىقتى. ئۇ ئۆپچۆرىسىگە قارىدى، لېكىن بوش ئورۇن يوق ئىدى. ھېلىقى بوۋاي ئىشىك يېنىدا ئۆرە تۇردى. ئەركىن بۇ بوۋاينى كۆردى-دە، دەررۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— بوۋا، كەلسىلە، مېنىڭ جايىمغا ئولتۇرسىلا، — دېدى.

ھېلىقى بوۋاي ئەركىنگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاپتوۋۇزدىكى كىشىلەر ئەركىننىڭ بۇ ئىشىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى ۋە ئۇنى ماختاشتى.

**74- كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. ئالماشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار، ھەممە، قايسى، سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئوقۇغۇچىلار ئوغۇت يىغىشقا چىقتى. ئۇلار بىر سائەت ئىچىدىلا نۇرغۇن ئوغۇت يىغدى. ئۆتىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئون بەش زەمبىل ئوغۇت يىغدى. بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ شۇنچە زەمبىل ئوغۇت يىغدى. ئوقۇغۇچىلار يىققان ئوغۇتلىرىنى بىر يەرگە توپلىدى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇلارنىڭ ئەمگەك سۆيۈش روھىنى تەقدىرلىدى.

## ١٧. پېئىل

ئوقۇغۇچىلار دەرسلىك كىتاپلارنى ئالدى. ئۇلار كىتاپلارنى ياخشى ئاسرايدۇ. ئەتە مەكتىۋىمىزدە ئاتا-ئانىلار يىغىنى ئېچىلىدۇ.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى «ئالدى، ئاسرايدۇ، ئېچىلىدۇ» دىگەن سۆزلەر نىمىنى بىلدۈرىدۇ؟ ئۇلارغا قانداق سوئاللار بېرىلىدۇ؟

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش-ھەركىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىنى پېئىل دەيمىز.

مەسىلەن: تاڭ ئاتتى. كۈن قىزىرىپ چىقتى. دىخانلار شات-خورام ئېتىزغا ماڭدى.

پېئىللارغا نىمە قىلدى؟ نىمە قىلىدۇ؟ نىمە قىلىۋاتىدۇ؟ نىمە بولدى؟ نىمە بولىدۇ؟ نىمە قىلىنىدۇ؟ دىگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ.

مەسىلەن: ئىككىنچى ئوقۇش مەۋسۇمى يېتىپ كەلدى (نىمە بولدى؟). ئوقۇغۇچىلار يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىگە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ (نىمە قىلىۋاتىدۇ؟) ئەتە ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ (نىمە بولىدۇ؟).

ئوقۇغۇچىلار تەتىللىك تاپشۇرۇقلارنى ئورۇنلاپ بولدى (نىمە قىلدى؟).

> پېئىللارنىڭ تومۇرى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىككىنچى بىر كىشىگە بۇيرۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: ياز، ئوقۇ، ئىشلە، كەل، سۆزلە، بەر، تىڭ، ئال، تۇر

76-كۆنۈكمە: كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا لايىق پېئىللارنى قويۇڭلار، ھەمدە دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

كۈن ... ئەتراپ ... ئىشچىلار زاۋۇتقا ... ئوقۇغۇچىلار دەرسكە ... مەن ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئالىغا تولۇق جاۋاپ ...

77-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ يېنىغا ئىسىملارنى قويۇپ جۈملە تۈزۈڭلار.

يازدىم، ئىشلىدۇق، باشلاندى، ئورۇنلاندى، سۆزلىدى، بەردى، يىغىلدى، كۆردۇ

ئۈلگە: بۈگۈنكى يىغىندا سىنىپىمىزدىن ئەخمەت سۆزلىدى.

78-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. سوئال بېرىپ پېئىللارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ تومۇرى بىلەن قوشۇمچىلىرىنى ئايرىپ بېرىڭلار.

## ئۈچتى-ئۈچتى

چۆرىدەپ تۇرغان بالىلارنىڭ بىرى ئوتتۇرىغا چۈشتى. ئۇ ساۋۇت ئىدى. باشقا بالىلارنىڭ ھەممىسى ساۋۇتقا قارىدى.

ساۋۇت:

— ئۈچتى-ئۈچتى، قالىغاچلار ئۈچتى! — دەپ

قولىنى كۆتەردى. باشقا باللارمۇ دەررۇ قولىلىرىنى كۆتەردى.

ساۋۇت:

— ئۇچتى - ئۇچتى، ياغاچلار ئۇچتى، — دەپ قولىنى كۆتەردى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئەنۋەرمۇ قولىنى كۆتەردى. باشقا باللار قول كوتەرمەي قاقاقلىشىپ كولوشۇپ كەتتى. ئەنۋەر ياغاچلارنىڭ ئۇچمايدىغانلىغىنى پەملىمەي، قولىنى كۆتىرىپ قويغىنىغا ناھايىتى ئىزا تارتتى.

ئەنۋەر ئويۇندا يېڭىلىپ قالغانلىغى ئۈ ۋن ئوتتۇرىغا چۇشۇپ، ناخشا ئېيتىپ بەردى.

ئويۇن يەنە داۋام قىلدى. ئەمدى ئەنۋەر ئوتتۇرىدا تۇرۇپ:

— ئۇچتى - ئۇچتى، قاغا ئۇچتى. ئۇچتى - ئۇچتى تاغ ئۇچتى. ئۇچتى - ئۇچتى، ئۆي ئۇچتى. ئۇچتى- ئۇچتى، كالا ئۇچتى. ئۇچتى- ئۇچتى، ئۆدەكلەر ئۇچتى دەپ كەينى - كەينىدىن ئېيتىپ، قولىنى كۆتىرىپ، باشقا باللارنى يېڭىلدۇرمەكچى بولدى. لېكىن باشقا باللار ئۇچىدىغان نەرسىنى ئېيتقاندا قول كۆتىرىپ، ئۇچمايدىغان نەرسىلەرنى ئۇچتى دەپ ئېيتقاندا قول كۆتەرمەسلىككە تىرىشتى. ئۇچمايدىغان نەرسىگە قول كۆتەرگەن بالا يېڭىلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئوتتۇرىغا چۇشۇپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ ياكى شېئىر ئوقۇپ بېرىدۇ.

## 18. بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز پېئىللار

پېئىللار بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز پېئىللار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ئىش - ھەركەتنىڭ بولغانلىقىنى، بولىدىغانلىقىنى ۋە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن پېئىللارنى بولۇشلۇق پېئىل دەيمىز.

مەسىلەن: ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە ئىنقىلاۋىي قۇربانلار ھەققىدىكى نۇرغۇن ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئەتە مەكتىۋىمىز بويىچە «3 تە ياخشى» ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش چوڭ يىغىنى ئېچىلىدۇ. سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «سۆزلەپ بەردى، ئېچىلىدۇ، كۆتۈرۈلمەكتە» دىگەن پېئىللار بولۇشلۇق پېئىللاردۇر.

ئىش - ھەركەتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، بولمىغانلىقىنى ۋە بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن پېئىللارنى بولۇشسىز پېئىللار دەيمىز.

بولۇشسىز پېئىللار پېئىل تومۇرىغا «ما، مە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما، بىلمىگەننى

بىلمەن دەپ كايىما. ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىر چوروغۇڭنى قۇرۇتما. دەرسكە كېچىكمە.

**79 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. بۇ جۈملىلەردىكى پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق پېئىل ئەكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. دېخانلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا قىزغىن كىرىشتى. 2. ئوقۇغۇچىلار ئوغۇت توپلاپ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بەردى. 3. پىئونېرلار ئەترىدى قىشلىق تەتىلدە ئوقۇغۇچىلارنى ھەرخىل پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇردى. 4. ئوقۇغۇچىلار ئىلىم-پەننى تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە. 5. ئەتىياز كېلىش بىلەن قار-مۇزلار ئېرىشكە باشلىدى.

**80 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. بولۇشسىز پېئىللارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. سەن ئۆز مەسئۇلىيىتىڭنى ئادا قىلمىساڭ بولمايدۇ. 2. بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما. 3. ساۋاقداشلار، تەشكىلسىزلىك قىلمايلى، دەرسكە كېچىكمەيلى. 4. يولداش غېنى، سەن يامان ئادەملەرنىڭ كەينىگە كىرمە، يامان ئىشلارنى قىلما. 5. بۈگۈنكى دەرسكە سىنىپىمىزدىن ھېچكىم كېچىكمىدى.

**81 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى بولۇشلۇق پېئىللارنى بولۇشسىز پېئىللارغا ئايلاندۇرۇڭلار ھەمدە ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار.

كەل، ئال، تاشلا، كۈل، ئۇخلا، باردى، يازغان

**ئۈلگە:** كىشىنىڭ نەرسىسىنى ئالما.

## 19. پېئىللدا شەخسلەر

مەن ئوقۇۋاتىمەن. بىز ئوقۇۋاتىمىز.

سەن ئوقۇۋاتىسەن. سىلەر ئوقۇۋاتىسىلەر.

ئۇ ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئوقۇۋاتىدۇ.

> پېئىللار ئىش-ھەرىكەتنىڭ كىم تەرىپىدىن بولغانلىقىنى ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن ۋلىنىپ كېلىدۇ.

I شەخس مەن ئىشلىدىم: (بىرلىك)

مەن ئىشلەيمەن. (بىرلىك)

مەن ئىشلەۋاتىمەن. (بىرلىك)

بىز ئىشلىدۇق. (كۆپلۈك)

بىز ئىشلەيمىز. (كۆپلۈك)

بىز ئىشلەۋاتىمىز. (كۆپلۈك)

II شەخس سەن ئىشلىدىڭ. (بىرلىك)

سەن ئىشلەيسەن. (بىرلىك)

سەن ئىشلەۋاتىسەن. (بىرلىك)

سىز ئىشلەۋاتىسىز. (بىرلىك)

سىلەر ئىشلىدىڭلار. (كۆپلۈك)

سىلەر ئىشلەيسىلەر. (كۆپلۈك)

سىلەر ئىشلەۋاتىسىلەر. (كۆپلۈك)

III شەخس ئۇ ئىشلىدى. (بىرلىك)

ئۇ ئىشلەيدۇ. (بىرلىك)

ئۇ ئىشلەۋاتىدۇ. (بىرلىك)

ئۇلار ئىشلىدى. (كۆپلۈك)

ئۇلار ئىشلەيدۇ. (كۆپلۈك)

ئۇلار ئىشلەۋاتىدۇ. (كۆپلۈك)

82 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن پېئىللارنى تېپىپ كۆچۈرۈڭلار، ئۇلارنىڭ نەچچىنچى شەخستە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. بىز بۈگۈن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدۇق. 2. مەن ئۇزۇنغا يۈگۈردۈم. 3. سەن بۈگۈن نىمە ئىش قىلدىڭ؟ 4. ئۇلار ئەتە پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدۇ. 5. سىلەر ئەتە نىمە ئىش قىلىسىلەر؟

83 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا I شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ لايىقىنى ئۇلاڭلار.

1. بىز تۈنۈگۈن ئوقۇ... ھەم ئەمگەك قىل... 2. مەن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، تاماق... يەپ بولۇپ دەم ئال... دەرس تەييارلا... ۋە توپ ئوينا... 3. بىز ئەتە چۈشتىن ئاۋال بەش سائەت دەرس ئۆتە... چۈشتىن كېيىن مەجلىس ئاچ...

84 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا تېگىشلىك شەخس قوشۇمچىلى-

رنى ۋزيۇگلار.

سىز كىتاپ ئوقۇ... خەت ياز...
سىلەر كىتاپ ئوقۇ... خەت ياز...
بىز گېزىت ئوقۇ... خاتىرە ياز...
ئۇلار كىتاپ ئوقۇ... خەت ياز...
سەن گېزىت ئوقۇ... خاتىرە ياز...

85 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللارغا شەخس قوشۇم-چىلىرىنى ئۇلاڭلار. ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار.

ئىشلە، ئوقۇ، ياردەملەش، تەكرارلا، سۆزلە، ئورۇنلا

**ئۈلگە:** تەكرارلا — مەن دەرسلەرنى تەكرارلاۋا-تىمەن...

## 20. پېئىل زامانلىرى

مەن تىرىشىپ ئوقۇۋاتىمەن. (هازىرقى زامان)
مەن تىرىشىپ ئوقۇيمەن. (كېلىدىغان زامان)
مەن بۇ كىتاپنى ئوقۇپ بولدۇم. (ئۆتكەن زامان)

پېئىلدا ئۈچ زامان بار: 1. هازىرقى زامان. 2. كېلىدىغان زامان. 3. ئۆتكەن زامان.

### 1. هازىرقى زامان

ئىش-ھەرىكەتنىڭ هازىر (سۆزلەۋاتقان پەيتتە) بولۇۋاتقانلىغىنى ياكى بولمايۋاتقانلىغىنى ئاڭلاتقان پېئىللارنى هازىرقى زامان پېئىلى دەيمىز.


مەسىلەن: ئەكرەمنىڭ ئۇكىسى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ. ئەركىن خەنزۇچىنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئۇ تېخى كەلمەيۋاتىدۇ.

86-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. خەۋەر بولۇپ كەلگەن هازىرقى زامان پېئىللىرىنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. مىجىت گېزىت ئوقۇۋاتىدۇ. 2. ئوقۇغۇچىلار

دىققەت بىلەن تىڭشاۋاتىدۇ. 3. دىلنۇر خاتىرە يېزىد-
ۋاتىدۇ. 4. بىر گۇرۇپپا ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مەيدانىنى
تازىلاۋاتىدۇ. 5. گۈلسۈم سۇ سېپىۋاتىدۇ.

**87- كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۈرەتلەرگە قاراپ بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار. ئۇ جۈملىلەردە ھازىرقى زامان پېئىللى بولسۇن.



**88- كۆنۈكمە:** ئىشلەۋاتىمەن، ئوقۇۋاتىمەن، يېزىۋا-
تىمەن دېگەن پېئىللارنى ئۈلگىدە كۆرسىتىلگەندەك قىلىپ، شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭلار.

**ئۈلگە:** بىرلىك:

I شەخس (مەن) يېزىۋاتىمەن.

II شەخس (سەن) يېزىۋاتىسەن.

III شەخس (ئۇ) يېزىۋاتىدۇ.

كۆپلۈك:

I شەخس (بىز) يېزىۋاتىمىز.

II شەخس (سىلەر) يېزىۋاتىسىلەر.
III شەخس (ئۇلار) يېزىۋاتىدۇ.

### 2. ئۆتكەن زامان

ئىش - ھەركەتنىڭ سۆزلەپ تۇرغان ۋاقىتتىن ئىلگىرى بولغانلىقىنى ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ئۆتكەن زامان پېئىلى دەيمىز.

مەسىلەن: بىزنىڭ سىنىپىمىزنىڭ پىئونېرلىرى ئىلىم - ھەققىنى تېرىشىپ ئۆگىنىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر قېتىملىق ئەترەت پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ پائالىيەت ئىنتايىن جانلىق ھەم تەسىرلىك ئۆتتى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئەتراپىغا ھەرخىل گۈللەرنى تېرىدى. سىنىپىمىزدىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار مۇكاپاتلاندى. ئاخشام مۇرات كەچكى مۇزاكىرىگە كەلمىدى.

89 - كۆنۈكمە: «ئال، كەل، ئوقۇ» دىگەن پېئىللارنى ئۆتكەن زاماندا تۈرلەڭلار.

### 3. كېلىدىغان زامان

ئىش - ھەركەتنىڭ كېلىدىغان ۋاقىتتا (سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن) بولىدىغانلىقىنى ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىلنىڭ تۈرىنى كېلىدىغان زامان پېئىلى دەيمىز.

مەسىلەن: بىز ئەتە ئىنقىلاۋىي قۇربانلار قەۋرىستانلىقىغا زىيارەتكە بارىمىز. يېقىندا مەكتىۋىمىزدە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى. بۈگۈن سىنىپىمىزدا ئوچۇق دەرس ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەن ئەتىكى مۇسابىقىغە قاتنىشالمايمەن.

> پېئىلنىڭ تومۇرى كېلىدىغان زامان مەنىسىدە ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن: سەن ياز. گۈلسۈم ئوقۇ. تۇرسۇن ئىشلە.

90-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. خەۋەر بولۇپ كەلگەن كېلىدىغان زامان مەنىسىدىكى پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

ئالدىمىزدا «1-ئىيۇن بالىلار بايرىمى» كېلىدۇ. بالىلار بايرىمىدا باغ سەيلىسىگە بارىمىز. سىنىپلار ئارا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزىمىز. بايرامغا ئاتاپ تام گېزىتى ئىشلەيمىز. بۇ يىلقى بايرامنى ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن كۈتىۋالىمىز.

91-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

............

تاقىتىم تاق، مېنىڭمۇ دوستۇم،
(ئۆگىنىشىم پۈتۈش ئالدىدا).
مەن بارىمەن
ئىشەنگىن چوقۇم،
يىراق ئەمەس يېقىن ئارىدا.

مەن يېزامنىڭ يېشىل قوينىغا،
پولات ئاتنى ئېلىپ بارىمەن.
تەگكەش قىلىپ يېڭى يېزامغا،
يېڭى سازنى چېلىپ بارىمەن.

ۋاھ ... شۇ چاغدا ئۇمىتكە چۆمۈپ،
قىزىتىمىز تازا چېلىشنى.
ئاندىن كۆرۈك زوقلارغا تولۇپ،
تاغدەك - تاغدەك ھوسۇل ئېلىشنى.

92 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئىشلىتىپ، جۈملە تۈزۈڭلار. ئۇ جۈملىلەردىكى پېئىللار كېلىدىغان زامان پېئىللىرى بولسۇن.

سورا، ئال، بار، ئىشلە، ھارما؛

## سۆپەت، سان، ئالماش ۋە پېئىل توغرىلىق
## ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

93 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆپەتلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا شۇ سۆپەتلەرگە لايىق ئىسىملارنى تېپىپ يېزىڭلار.

تاتلىق ....، يۇمشاق ....، سېمىز ....
سوتلۇك ....، يېڭى ....، ياخشى ....
كۆكۈللۈك ....، ئېگىز ....، تېتىك ....

94 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆپەتلەرنى كۆچۈرۈڭلار. ئۈلگىدە كۆرسىتىلگەندەك كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا ئۇ سۆپەتلەرگە قارشى مەنىلىك سۆپەتلەرنى يېزىڭلار.

ئۈلگە: تىرىشچان بالا. هورۇن بالا.
ئىسسىق شامال ....، سالقىن هاۋا ....،
پاكىز سۇ ....، سېمىز گۆش ....،
يوغان رەسىم ....، ئەدەپلىك بالا ....،
پىششىق مېۋە ....، كەڭ يول ....،

95 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار. سۆپەتلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ئىسىمدىن ياسالغان سۆپەتلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

### ئاق توشقان

ئاق توشقىنىم ئاق توشقان،
ماڭا بىر دەم باق توشقان.

ئۇزۇن قولاق، شاپ بۇرۇت،
ساڭا بەكمۇ ياراشقان.
ئۆزەڭ خۇددى ماڭقۇتەك،
كۆزۈڭ يانار ياقۇتتەك.
زوقۇم تاشار ئەكىلەپ —
چېپىپ كەتسەڭ كىيىكتەك.

96- كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا كېرەكلىك سانلارنى سۆز بىلەن يېزىڭلار.

1. بىر يىلدا ... كۈن بار. 2. مەن ... كىلومېتىر يول ماڭدىم. 3. مەكتەپتە ... بالا ئوقۇيدۇ. 4. سائەت ... دىن ... مىنۇت ئۆتكەندە دەرس باشلىنىدۇ. 5. ئۇكام ... سىنىپتا ئوقۇيدۇ. 6. مەن ... ياشتا، ھەدەم ... ياشتا، دادام ... ياشتا. 7. مەن ... يىل تۇغۇلدۇم.

97- كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. ئۇنىڭدىكى ئالماشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار. قايسى سۆز تۇرغۇمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

1. ئوقۇغۇچىلار تاققا ساياھەتكە چىقتى. 2. ئۇلار تاغدا ھەر خىل قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئويناشتى. 3. تاغ چوققىسىغا قىزىل بايراق قاداپ، بايراق تالىشىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ئىككى ياققا يۈگۈرۈشكەن ئىدى، بىرىنچى گۇرۇپپىدىن ئۈچ ئوقۇغۇچى، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىنمۇ شۇنچە ئوقۇ-

غوچى بىرلا ۋاقىتتا تاغ چوققىسىغا يېتىپ چىقتى. ئۇلار
ساياھەتكە، ماڭغاندا ئىنتايىن خوشال، روھلۇق، تېتىك
قەدەملەر بىلەن مېڭىشقان ئىدى، قايتقاندىمۇ شۇلداق
روھ بىلەن قايتىشتى.

98 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ماقاللارنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.
پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. دوست يىغلىتىپ ئېيتىدۇ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ.
2. ئاۋال ئويلا، كېيىن سۆزلە. 3. ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن.
4. ئەخمەق ئۆزىنى ماختايدۇ.

99 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى بولۇشلۇق پېئىللارنى بولۇش-
سىز پېئىللارغا ئايلاندۇرۇپ يېزىڭلار.

كۈت، ئال، كۆرسەت، ياز، ئىشلە، ئوگەت، ئۇخلا،
كەتسۇن، سۆزلە، بارسۇن، ئوينىسۇن

100 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار،
بولۇشلۇق پېئىللارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، بولۇشسىز پې-
ئىللارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

**ئىشلە**

غەيرەت بىلەن ئەمگەك قىل،
تەك تۇرۇپ ئىشلىگىن هارما.
جۈرئەت قىل، قاچما ئەمگەكتىن،
تىرىشچانلار ئىشلىگىن تالما.

101 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار.

پېشىللارنىڭ قايسى شەخستە كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. بىز بۇگۈن يازلىق سەيلىگە چىقتۇق. 2. مەن چىرايلىق كەشتە تىكتىم. 3. سەن كىتاپخانىغا باردىڭمۇ؟ 4. سىلەر بۇگۈن ئەترەت پائالىيىتى ئۆتكۈزەمسىلەر؟ 5. ئۇلار كىنوغا باردى. 6. ئوقۇغۇچىلار بۇگۈن چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزدى.

102-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پېشىللارغا شەخس قوشۇمىچىلىرىنى ئۇلاڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

ئىشلە، ئوقۇ، ياردەملەش، ئورۇنلا، سۆزلە

103-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، پېشىللارنىڭ قايسى زاماندا كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. كۆكۈل ئېچىش پائالىيىتى باشلاندى. 2. ئوقۇغۇچىلار ھەرخىل نومۇرلارنى تەييارلىدى. 3. مەن تۈنۈگۈنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىمەن. 4. ئەتە تاللانغان نومۇرلار ئېلان قىلىنىدۇ. 5. بىز بايراملىق تام گېزىتى ئىشلەۋاتىمىز. 6. يۇقۇرى يىللىق سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كوچا تازىلىغىغا چىقىدۇ. 7. مەن ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىنى يادلىۋالدىم.

## 21. جۇملىنىڭ باش بۆلەكلىرى

هاۋا تۇتۇلدى. يامغۇر ياغدى. سۇلار كۆپەيدى.
يۇقۇرقى جۇملىلەرنىڭ ھەربىرى قانچە سۆزدىن تۇ-
زۇلگەن؟ ئۇلارغا قانداق سوئاللارنى بېرىشكە بولىدۇ؟
جۇملىنىڭ ئىگىلىرى بىلەن خەۋەرلىرىنى تېپىڭلار.

> ئىگە بىلەن خەۋەر — جۇملىنىڭ باش بۆ-
> لىكىدۇر. ئۇلار جۇملە تۈزۈشتە جۇملىنىڭ
> ئاساسى بولىدۇ.

ياز كەلدى. هاۋا ئىسسىدى. ئۆرۈكلەر پىشتى. بۇ
جۇملىلەر ئىگە بىلەن خەۋەردىنلا تۈزۈلگەن.

## 22. ئىگە

جۇملە ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەر توغرىلىق ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە ماڭدى. بۇ جۇملە ئوقۇغۇچىلار توغرىلىق ئېيتىلغان. زىرائەت ئوخشىدى دېگەن جۈملە زىرائەت توغرىلىق ئېيتىلغان. دېمەك، بۇ جۇملىلەردىكى ئوقۇغۇچىلار (كىملەر؟) زىرائەتلەر (نېمىلەر؟) دېگەن سۆزلەر ئىگىلەردۇر.

> جۇملىنىڭ كىم ياكى نېمە توغرىلىق ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن بۆلىكىنى ئىگە دەيمىز.
>
> ئىگىگە كىم؟ كىملەر؟ نېمە؟ نېمىلەر؟ كىمى؟ نېمىسى؟ نەچچىسى؟ قانچىسى؟ دې-گەن سوئاللار بېرىلىدۇ.
>
> ئىگە بولىدىغان سۆزلەرگە كېلىش قوشۇم-چىلىرى ئۇلانمايدۇ. ئۇلار پەقەت باش كېلىشتە كېلىدۇ، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ھەم ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ئۇلان-غان سۆزلەرمۇ ئىگە بولالايدۇ.

104 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۇملىلەرنى ئوقۇپ، ئۇ-نىڭ ئىگىلىرىنى تېپىڭلار.

1. ياز كەلدى. 2. كۈنلەر ئۇزاردى. 3. تۈن قىسقاردى. 4. كۈن ئىسسىشقا باشلىدى. 5. يازلىق مېۋىلەر پىشتى. 6. بۇغدايلار دان تۇتتى. 7. دېھقانلار يازلىق يىغىمغا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. 8. باللار يېڭىلىك كىيىنىپ، مەكتەپكە بارىدىغان بولدى. 9. دەرسلەر ئاخىرلىشىشقا باشلىدى. 10. جۇرئەتنىڭ ئۇكىسى بۇ يىل 4-سىنىپنى پۈتتۈرىدۇ.

105-كۆنۈكمە: كۆپ چېكىت قويۇلغان ئورۇنلارغا مۇۋاپىق ئىگىلەرنى قويۇپ، تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

... يەر سۇغىرىۋاتىدۇ ... قوي بېقىۋاتىدۇ ... يەر ھەيدەۋاتىدۇ ... مەكتەپكە ماڭدى ... بېيجىڭغا قاراپ ئۇچتى ... تەنھەرىكەت ئويناۋاتىدۇ ... چېلىندى ... سىنىپقا كىردى.

106-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىگىلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىگىلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. بىزنىڭ مەكتىۋىمىز ئىنتايىن گۈزەل. 2. مەكتەپ ئەتراپىغا تىكىلگەن قاتار-قاتار دەرەخلەر ئەتراپقا سايە چۈشۈرۈپ، مەيىن شامالدا سىزگە سالام بەرگەندەك لىڭشىپ تۇرىدۇ. 3. رەڭمۇ-رەڭ ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈللەر كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ. 4. سىنىپىمىز يورۇق، كەڭ ۋە ئازادە. 5. ئوقۇغۇچىلار سىنىپلاردا

دەرسلەرنى كۆڭۈللۈك ئوقۇيدۇ. 6. دەم ئېلىش ۋا-قىتلىرىدا ساۋاقداشلار ھەر خىل قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. 7. ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بىزگە ئىنتايىن كۆيۈمچان ۋە مېھرىۋان. 8. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدۇ.

107 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئىگىلىك ياكى كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ جۈملە تۈزۈڭلار. تۈزگەن جۈملىلىرىڭلاردا شۇ ئىسىملار ئىگە بولسۇن.

يېزا، ئېتىز، خامان، بالا، دەريا، ئوغاق، شەھەر

ئۈلگە: بىزنىڭ يېزىمىز يىلدىن - يىلغا گۈللەنمەكتە.

| |
|---|
| ئىگە ئاساسەن، جۈملىنىڭ بېشىدا ھەم ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. شېئىرلاردا بولسا، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن. |

مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار دېخانچىلىق مەيدانىدا ئەمگەك قىلدى. (بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى — ئوقۇغۇچىلار جۈملىنىڭ بېشىدا كەلگەن.) يېزىمىزغا يېڭى مەكتەپ سېلىندى. (بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى — مەكتەپ جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن.)

باغۋەن بولۇپ مېھرىڭنى،
بېرىپ بىزگە مۇئەللىم.
بىلىم - ئەخلاق ئوگەتتىڭ،
ئوغۇل - قىزغا مۇئەللىم.

تەربىيەگەدىن نۇر ئىمىپ،
ئۈستۈق كۆلۈپ مۇئەللىم.
پارتىيىگە، خەلققە،
سادىق بولۇپ مۇئەللىم.

جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدىغان ئاساسىي سۆز تۈركۈملىرى ئىسىم بىلەن ئالماشلاردۇر. بۇلاردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرى پەقەت ئىسىم ۋەزىپىسىدە كەلگەندىلا ئىگە بولۇپ كېلەلەيدۇ.

مەسىلەن: دېخانلار يازلىق يىغىمغا تەييارلانماقتا. بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى — دېخانلار (ئىسىم).

بىز مەكتەپ باغچىسىدا ئەمگەك قىلدۇق. بۇ جۈملىدە ئىگە — بىز (ئالماش).

ياخشى، ئىشى بىلەن ياخشى. ئىگە — ياخشى (سۈپەت).

ئۇلاردىن بەشى كەلدى. ئىگە — بەشى (سان).

ئىشلىگەن چىشلەيدۇ. ئىگە — ئىشلىگەن (پېئىل).

108 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ئىگىلىرىنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. ئادىل تاپشۇرۇقلارنى تولۇق ئورۇنلاپ بولدى.
2. بىز تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى

پەللىسگە چىقدىمىز. 3. ئوقۇغۇچىلار ھەمكارلىشىپ بىر-لىكتە ئالغا باسماقتا. 4. ئۇلار ئىتتىپاقلىقتا، غەلىبىدە بىللە بولدى. 5. بۈگۈنكى يىغىندا ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى رەھبەرلىككە قىممەتلىك تەكلىپلەرنى بەردى. 6. كەچكى مۇزاكىرىگە گۇرۇپپا ئەزالىرىدىن بەشى قاتناشتى. 7. سەن ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزمە.

## 23. خەۋەر

كۈن چىقتى. پەرھات مەكتەپكە ماڭدى.

يۇقۇرىدا ئايرىم ئوي - پىكىرنى ئاڭلاتقان ئىككى جۈملە ئېيتىلغان. بىرىنچى جۈملىدىكى «چىقتى» دىگەن سۆز كۈننىڭ ھەركىتى توغرىسىدا، ئىككىنچى جۈملىدىكى «ماڭدى» دىگەن سۆز پەرھاتنىڭ ھەركىتى توغرىسىدا ئېيتىلغان.

دىمەك، «چىقتى»، «ماڭدى» دىگەن سۆزلەر ئىگىنىڭ ئىش - ھەركىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

> جۈملىدە ئىگىنىڭ ئىش - ھەركىتىنى، سۈپىتىنى، ھالىتىنى، قانداق ئىكەنلىگىنى، كىم ياكى نىمە ئىكەنلىگىنى بىلدۈرگەن بۆلەكنى خەۋەر دەيمىز.
>
> خەۋەرگە نىمە قىلدى؟ نىمە بولدى؟ نىمە قىلىۋاتىدۇ؟ نىمە بوپتۇ؟ نىمە قىلىدۇ؟ نىمە قىلماقچى؟ قانداق بولدى؟ قانچە؟ قانداق؟ نىمىسى؟ دىگەنگە ئوخشاش سوئال- لار بېرىلىدۇ.

مەسىلەن: ئەكرەم خەت يېزىۋاتىدۇ. (نىمە قىلىۋا- تىدۇ؟) يېزىۋاتىدۇ. بۇ ئەكرەمنىڭ ساۋاقدىشى. (نىمە-

سى؟) ساۋاقدىشى. بوغدايلار پىشىپتۇ. (نىمە بوپتۇ؟) پىشىپتۇ. ئەركىن كىلەر يىلى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. (نىمە قىلىدۇ؟) ئوقۇيدۇ. تۇرمۇشىمىز كۆڭۈللۈك. (قانداق؟) كۆڭۈللۈك.

109 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار خەۋەرلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

مول قاش تېشى بويلىرىڭدا تۇرنىمەن،
دولقۇنلىنىپ ئېقىشىڭغا زوقلىنىپ.
ئۆركەش ياساپ توختىماستىن ئاقسەن،
كۈمۈش ئۇنچە چاچرىتىپ زەپ شوخلىنىپ.

ئەتراپلىرىڭ ئالتۇن هوسۇل دېڭىزى،
كەڭ قوينۇڭدا خوشال مېهنەت قاينايدۇ.
ئېچىلماقتا يانلىرىڭدا قىزىل گۈل،
هەر تەرەپتە بۇلبۇللىرىڭ سايرايدۇ.

جۈملىدە خەۋەر تولاراق ئىگىدىن كېيىن، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. شېئىرلاردا خەۋەر جۈملىنىڭ بېشىدىمۇ كېلىۋېرىدۇ.

مەسىلەن: مەن دوستلىرىم بىلەن بىللە كىنو كۆردۈم. موما ماڭا ئۇرغۇن قىزىق هېكايىلەرنى ئېيتىپ بەردى. بىز پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇق.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى كۆردۈم، ئېيتىپ بەردى، قاتناشتۇق دىگەنلەر خەۋەرلەردۇر.

110 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار. خەۋەر-
لەرنىڭ قانداق ئورۇندا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

قوغدايمەن ئۇلۇغ ئانا ۋەتىنىمنى،
قوغدايمەن خەلقىمنى، بەختىمنى مەن.
پۈركەشچۈن قىزىل نۇرغا كەڭ جاھاننى،
ئاتايمەن ھاياتىمنى قەلبىمنى مەن.

111 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ئىگىنىڭ ئاستىغا بىر، خەۋەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

مەن ئازاتلىق ئارمىيىنى ئىزلەپ، شىمال تەرەپكە مېڭىۋەردىم. ئۇزاق ئۆتمەي ئوق ئاۋازى يېقىنلاشتى. شىمال تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقلار بېشىمدىن ۋىژ-ۋىژ ئۆتۈپ، تاشلارغا پاس-پاس تېگەتتى. كۈن ئولتۇردى، مىلتىقلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئۇچقۇنلار ۋال-ۋۇل قىلىپ كۆرۈنەتتى. ئاھ، مېھرىۋان كىشىلىرىم ئازاتلىق ئارمىيە يېقىنلا يەردە ئىكەن-دە! شىمال تەرەپتىن ئۇررا سادالىرى ئاڭلاندى. تاغ ئۈستىگىدىكى دۈشمەنلەر بىتچىت بولدى. بۇ كۈتۈلمىگەن جەڭ ۋە كۈتۈلمىگەن غەلىبە مېنى تولىمۇ خوشال قىلىۋەتتى. مەن سۆيۈملۈك كىشىلىرىم ئازاتلىق ئارمىيىنى ئاخىرى تاپتىم.

جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈملىرى ئاساسەن پېئىللاردۇر. پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىمۇ خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

مەسلەن، كۈن چىقتى. بۇ جۈملىدە خەۋەر — چىقتى (پېئىل). بۇ ناھايىتى چوڭ زاۋۇت. خەۋەر — زاۋۇت (ئىسىم). بىزنىڭ ۋەتىنىمىز گۈزەل. خەۋەر — گۈزەل (سۈپەت). بۇ ماقالىنى يازغان بىز. خەۋەر — بىز (ئالماش). ئۇ يۈگۈرۈشتە بىرىنچى. خەۋەر — بىرىنچى (سان).

> باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق (—) قويۇلۇپ يېزىلىدۇ.

مەسلەن: مەن — ئوقۇغۇچى. دادام — ئىشچى. بۇ — كىتاپ.

112 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، خەۋەرلەرنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. بىز ۋەتىنىمىزنى سۆيىمىز. 2. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ناھايىتى گۈزەل. 3. دۇنيانى ياراتقانلار — ئەمگەكچىلەر. 4. سىنىپنىڭ تازىلىقىنى قىلغان بىز. 5. قاسىم ئوقۇشتا ھەم ئەمگەكتە ياخشى. 6. ئۇلار كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە بىرىنچى. 7. بۇ ھامۇتنىڭ كىتاۋى. 8. بىز بۈگۈن سىنىپلار ئارا كۆڭۈل ئېچىش ئۆتكۈزدۇق. 9. دوستلۇق بىرىنچى، مۇسابىقە ئىككىنچى.

## 24. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ باغلىنىشى

مەن تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇيمەن.

يۇقۇرقى جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى مەن. ئەگەر «مەن» دىگەن سۆزنى «بىز» دەپ ئېيتساق، ئۇ چاغدا خەۋەر قانداق ئۆزگىرىدۇ؟ جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەر بىر-بىرى بىلەن چىڭ باغلىنىپ كېلىدۇ. خەۋەر ھەرقاچان ئىگىنى ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا بوي سۇنۇپ كېلىدۇ.

> ئىگە كۆپلۈك ساندا كەلسە، خەۋەرمۇ كۆپلۈك ساندا كېلىدۇ. ئىگە، بىرلىك ساندا كەلسە، خەۋەرمۇ بىرلىك ساندا كېلىدۇ.

مەسىلەن: مەن ئوقۇيمەن. بىز ئوقۇدۇق. سەن ئوقۇدۇڭ. سىلەر ئوقۇدۇڭلار. ئۇ ئوقۇدى. ئۇلار ئوقۇدى.

> ئەگەر، ئىگە بىرىنچى شەخستە كەلسە، خەۋەرمۇ شۇنىڭغا لايىقلىشىپ بىرىنچى شەخستە كېلىدۇ.

مەسىلەن: مەن يازدىم. بىز يازدۇق. مەن ئوقۇغۇچىمەن. بىز ئوقۇغۇچىمىز. مەن ئوقۇۋاتىمەن. بىز ئوقۇۋاتىمىز.

113 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئىگە بىلەن قانداق باغلىنىپ كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

مەن يەنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆزەمنى ئىلىم-

پەن بىلەن قوراللاندۇرىمەن. بىز يەنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنى ئىلىم-پەن بىلەن قوراللاندۇرىمىز. مەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمەن. بىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز.

**114** - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئاستى سىزىلغان ئىگىلەرنىڭ ئورنىغا «مەن» دىگەن ئالماشنى قويۇپ، جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. شۇ چاغدا خەۋەرنىڭ ئاخىرى قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

ئۆمەر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆتىنچى سىنىپىدا ئوقۇيدۇ. ئۆمەر باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇماقچى. ئۆمەر ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، يەنە تىرىشىپ بىلىم ئالماقچى.

ئەگەر جۈملىدە ئىگە ئىككىنچى شەخستە كەلسە، خەۋەرمۇ شۇنىڭغا لايىقلىشىپ ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىلىرىدا كېلىدۇ.

مەسىلەن: سەن يازىسەن. سىز يازىسىز. سەن ئوقۇدۇڭ. سىز ئوقۇدىڭىز. سەن ئىشلىدىڭ. سىلەر ئىشلىدىڭلار.

**115** - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئىگە بىلەن قانداق باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

سەن تىرىشىپ ئۆگەن. سىز تىرىشىپ ئۆگىنىڭ. سەن ئەمگەككە بارىسەن. سىز ئەمگەككە بارىسىز. سەن ياخشى ئىشلەيسەن. سىلەر ياخشى ئىشلەيسىلەر. سەن ياخشى ئۆگەن. سىلەر «3 تە ياخشى» ئوقۇغۇچىلاردىن

ياخشى ئۇگىنىڭلار.

> ئەگەر ئىگە ئۇچىنچى شەخستە كەلسە، خەۋەرمۇ شۇنىڭغا لايىقلىشىپ، ئۇچىنچى شەخس قوشۇمچىلىرىدا كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ كەلدى. ئۇلار كەلدى.

**116 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. سوئال بېرىپ، ئۇ جۈملىنىڭ خەۋەرلىرىنى ھەم ئىگىلىرىنى تېپىڭلار.

ئېتىزلىقتا ئىشلار قىزىپ كەتتى. ھاۋا ئوچۇق، سالقىن شامال چىقىپ تۇراتتى. گوگچى ئەزالىرى خوشال-خورام ئەمگەك قىلماقتا. ئۇلارنىڭ شاتلىق ناخشىلىرى كۈن بويى ئېتىزلىقتا جاراڭلاپ تۇرىدۇ. پاھ... بۇ ناخشىلار نىمە دىگەن يېقىملىق. بىز ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىمىز.

## 25. ئەگەشمە بۆلەكلەر

117 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. ئىگە بىلەن خەۋەرگە ئەگىشىپ كەلگەن سۆزلەرنى تېپىڭلار.

1. قاسىمجان مەكتەپتىن كەلدى. 2. باللار كوچەتلەرگە سۇ قۇيدى. 3. باغدا رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر ئېچىلدى. 4. بىز مۇز سىرىگە قاتناشتۇق.

> جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەردىن باشقا بۆلەكلەرنى ئەگەشمە بۆلەك دەيمىز. ئەگەشمە بۆلەكلەر قەيەردە؟ نەدە؟ كىمدە؟ نىمەدە؟ كىمدىن؟ نىمىدىن؟ قەيەردىن؟ كىمگە؟ نىمىگە؟ نەگە؟ كىمنىڭ؟ نىمىنىڭ؟ نەنىڭ؟ قەيەرنىڭ؟ قانداق؟ قانچە؟ قانداق قىلىپ؟ دىگەنگە ئوخشاش سوئالللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ھەببە ئىشقا كەتتى. بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى — ھەببە، خەۋىرى — كەتتى. «ئىشقا» دىگەن سۆز ئەگەشمە بۆلەك. ئەگەر «ئىشقا» دىگەن سۆزنى ئېيتماي، ھەببە كەتتى دىسەك ھەببەنىڭ نەگە كەتكەنلىگى بەلگىسىز بولۇپ، ئېيتماقچى بولغان ئويىمىز تولۇق بولماي چۈشىنىكسىز بولاتتى.

دىمەك، «ئىشقا» دىگەن ئەگەشمە بۆلەك، «كەتتى» دىگەن خەۋەرنى ئەگىشىپ كەلگەن. ئۇنىڭغا نەگە؟ دىگەن سوئال بىرىلىدۇ.

> جۈملىدە ئەگەشمە بۆلەكلەر ئىگىنى، خەۋەرنى ياكى بىر-بىرىنى ئېنىقلاپ، تولۇقلاپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا يىغىق جۈملىنىڭ مەزمۇنى كېڭىيىپ، يېيىق جۈملىگە ئايلىنىدۇ.

مەسىلەن: بۇغدايلار پىشتى. يازلىق بۇغدايلار پىشتى. دۆيىمىزنىڭ يازلىق بۇغدايلىرى پىشتى. دۆيىمىزنىڭ يازلىق بۇغدايلىرى چاپسان پىشتى.

> جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى مۇنۇلار:
> 1. تولدۇرغۇچى. 2. ئېنىقلىغۇچى. 3. ھالەت.

118 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى بىرىنچى قاتاردىكى جۈملىلەر بىلەن ئىككىنچى قاتاردىكى جۈملىلەرنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

| 1 - قاتار | 2 - قاتار |
|---|---|
| بىز ئوقۇيمىز. | بىز تىرىشىپ ئوقۇيمىز. |
| بالىلار كەتتى. | بالىلار مەكتەپكە كەتتى. |
| ئىشچىلار ئىشلەيدۇ. | ئىشچىلار زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. |
| يىغىن بولدى. | بۈگۈن مەكتىۋىمىزدە يىغىن بولدى. |
| بىز بارىمىز. | بىز بۈگۈن زاۋۇتقا بارىمىز. |

119 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى يىغىق جۈملىلەرنى يېيىق جۈملىلەرگە ئايلاندۇرۇڭلار.

ئوقۇتقۇچى چۈشەندۈردى. بىز ئىشلەيمىز. زۆرەم ئوقۇدى. ئوقۇغۇچىلار كەلدى. ئىش باشلاندى. ۋەزىپە ئورۇنلاندى. بىز كۆردۇق.

## 26. تولدۇرغۇچى

ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ بىرسى تولدۇرغۇچىدۇر.
تولدۇرغۇچىلار تولاراق پېئىللاردىن بولغان خەۋەرلەرنىڭ
مەنىسىنى تولۇقلاپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ساۋۇت ئۆيىمىزدىن كەلدى.

يۇقۇرقى جۈملىدىكى «ئۆيىمىزدىن» دېگەن سۆز تول-
دۇرغۇچىدۇر. ئەگەر «ئۆيىمىزدىن» دېگەن تولدۇرغۇچىنى
ئېيتماي، ساۋۇت كەلدى دەپ ئېيتساق، ساۋۇتنىڭ
نەدىن كەلگەنلىكى بەلگىسىز بولاتتى. دېمەك، بۇ
جۈملىدىكى «ئۆيىمىزدىن» دېگەن تولدۇرغۇچى «كەلدى»
دېگەن خەۋەرگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى تولدۇرۇپ
كەلگەن.

ئادەم ۋە باشقا جانلىق ھەم جانسىز
نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۇرۇپ، چۈشۈم كې-
لىش، بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە
ئورۇن كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن
جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىنى تولدۇر-
غۇچى دەيمىز.

تولدۇرغۇچى جۈملىدە خەۋەرنى ياكى باشقا بۆلەكلەرنىڭ مەنىسىنى تولدۇرۇپ، تولدۇرۇلغان سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ.

تولدۇرغۇچىلار: كىمنى؟ نىمىنى؟ كىمگە؟ نىمىگە؟ نەدىن؟ كىمدە؟ نىمىدە؟ كىمدىن؟ نىمىدىن؟ كىم بىلەن؟ نىمە بىلەن؟ دىگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مەن بۇ خەتنى (نىمىنى؟) ھەربى سەپتىكى ئاكامغا (كىمگە؟) يازدىم.

پاختىدىن (نىمىدىن؟) يىپ ئىگىرىدۇ، يىپتىن (نىمىدىن؟) رەخت توقۇيدۇ.

مەن رابىيە بىلەن (كىم بىلەن؟) كەلدىم.

بىز ئىلغارلاردىن (كىملەردىن؟) ئۆگىنىمىز.

بىزنىڭ قەلبىمىز ۋەتەنگە (نىمىگە؟) تەلپۈنىدۇ.

**120-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە سوئال بېرىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ تولدۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

### ۋەتىنىمنى كۆيلەيمەن

گۈزەل مەكتەپ قوينىدا،
خوشال-خورام ئوقۇيمەن.
ۋەتىنىمنى مەدھىيلەپ،
ناخشا-قوشاق توقۇيمەن.

ئىلىم - پەننى ئۆگىنىپ،
دادىل ئالغا ئۆرلەيمەن.
ئەلگە توھپە يارىتىپ،
ۋەتىنىمنى گۈللەيمەن.
ئۇلۇغ ۋەتەن باغرىنى،
گۈل - چىچەككە پۈركەيمەن.
ۋەتىنىمنى ناخشامدا،
ئۆمۈر بويى كۈيلەيمەن.

121 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىڭلار. سوئال بېرىپ، تولدۇرغۇچىلارنى تېپىڭلار ھەمدە قايسى كېلىش قوشۇمچىلىرىدا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى ئەمگەككە تەشكىللىدى. 2. بىز ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىمىز. 3. مەن ساۋاقدىشىم تۇرسۇن بىلەن بىللە ئىشلىدىم. 4. بىز ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى ساۋاقداشلارنى مۇسابىقىگە چاقىردۇق. 5. ئەمگەك مەيدانىدا ئىش تازا قىزىپ كەتتى. 6. ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە گېزىتتىن بىر ماقالا ئوقۇپ بەردى.

122 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار بەش جۈملە يېزىپ كېلىڭلار. ھەر بىر جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولسۇن، تولدۇرغۇچىلارنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويۇڭلار.

## 27. ئېنىقلىغۇچى

كەڭ ئېتىزدا ئالتۇندەك باشاقلار دېڭىزدەك دولقۇنلىناتتى. (قانداق ئېتىزدا؟) كەڭ ئېتىزدا. (قانداق باشاقلار؟) ئالتۇن باشاقلار. (قانداق دولقۇنلىناتتى؟) دېڭىزدەك دولقۇنلىناتتى.

> جۇملىدە ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى، سانىنى، بەلگىسىنى، دەرىجىسىنى، نىمەدىن ئىشلەنگەنلىگىنى ۋە كىمگە، نىمىگە قاراشلىق ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەكلەرنى ئېنىقلىغۇچى دەيمىز.

مەسىلەن: مەكتەپنىڭ چوڭ زالىغا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار يىغىلدى. بۇ جۇملىدىكى «چوڭ» دىگەن ئېنىقلىغۇچى زالنىڭ ھەجمىنى ئېنىقلاپ كەلگەن. «نۇرغۇن» دىگەن ئېنىقلىغۇچى «ئوقۇغۇچىلار» دىگەن ئىگەنىڭ كۆپلۈك سانىنى ئېنىقلاپ كەلگەن.

> ئېنىقلىغۇچىلار جۇملىدە ئىسىملارغا باغلىنىپ كېلىپ، ئېنىقلىنىدىغان سۆزنىڭ ئالدىدا باش كېلىشتە ھەم ئىگىلىك كېلىشتە كېلىدۇ.
>
> ئېنىقلىغۇچىلارغا قانداق؟ قايسى؟ كىمنىڭ؟ نىمىنىڭ؟ قاچان؟ نەچچە؟ نەچچىنچى؟ قەيەردىكى؟ دىگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ.

مەسىلەن: قىزىل (قانداق؟) گۈللەر پۈراق چاچ-
تى. غۇنچەم تۆتىنچى (نەچچىنچى؟) سىنىپتا ئوقۇيدۇ.
تىراكتورنىڭ (نىمىنىڭ؟) ئاۋازى ئاڭلاندى. ئېتىزدى-
كى (قەيەردىكى؟) ئاشلىقلار پىشىپ قالدى. بۇ جاپپار-
نىڭ (كىمنىڭ؟) سومكىسى.

123 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار. ئاستى
سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ئېنىقلىغۇچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋې-
لىڭلار، ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسى سۆزلەرنى ئېنىقلاپ كەل-
گەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

... شۇ چاغدا قەلبىمدە چايقىلىپ تېشىپ،
تۇغۇلدى جاراڭلىق بىر ئوتلۇق قوشاق.
قوشاقنى ياراتتى ئىشچان ۋۇجۇتلار،
مۇقەددەس ئەمگەككە تەلپۈنۈپ شۇنداق.

124 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قانداق نەر-
سىلەرنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى قىلىپ ئىشلىتىشقا بولىدۇ؟
چوڭ، ئەقىللىق، بەختلىك، قىزىق، تاتلىق، يوغان،
ئۇزۇن، يېزىدىكى، مىڭلىغان، يۈزلىگەن، كۆكۈللۈك

125 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ
يېزىڭلار، كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا لايىق ئېنىقلىغۇچىلارنى
قويۇڭلار ھەمدە ئۇلارغا قانداق سوئاللار بېرىلىدىغانلىقىنى
ئېيتىپ بېرىڭلار.

بىز ... ئوقۇش يىلىغا ... كىتاپلارنى ئالدۇق. مەن
... سىنىپتا ئوقۇيمەن. بىزنىڭ سىنىپتا ... بالا ئوقۇيدۇ.
بوگۈن ... يامغۇر ياغدى ... ئېتىزلار ... باغلار ... چېچەك-

لەر يامغۇردىن كېيىن باشقىچە رەڭ ئالدى. ئېتىزدا... قۇشلار سايراشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ... ئاۋازلىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى... شامال... مايسىلارنى يەلپۈپ تۇراتتى.

**كېرەكلىك سۆزلەر:** نۇرغۇن، يېڭى، قىرىق، تۆتىنچى، كەڭ، قاتتىق، مۇلىك، رەڭمۇ- رەڭ، يېقىملىق، ھەر تۈرلۈك، سالقىن، كۆپ- كۆك

**126-كۆنۈكمە:** ئۆزەڭلار ئېنىقلىغۇچىسى بار بىرقانچە جۈملە يېزىڭلار. ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

## 28. هالەت

بىز تېرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمىز. پاتىگۈل خەتنى تېز يازدى. سۇ شاقىراپ ئاقتى.

يۇقۇرىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە قانداق سوئاللارنى بېرىشكە بولىدۇ؟ ئۇلار جۈملىنىڭ قايسى بۆلىكىگە باغلىنىپ كەلگەن؟

جۈملىدە ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى ئېنىقلاپ، شۇ ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالەتتە ئىشقا ئاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ئەگەشمە بۆلەكلەر بولىدۇ.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى «تېرىشىپ، تېز، شاقىراپ» دىگەن سۆزلەر ھالەتلەردۇر.

«تېز، شاقىراپ» دىگەن ھالەتلەر «يازدى، ئاقتى» دىگەن خەۋەرلەرنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنىڭ قانداق ھالەتتە ئىشقا ئاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ كەلگەن يەنى خەتنىڭ تېز يېزىلغانلىقىنى، سۇنىڭ شاقىراپ ئاققانلىقىنى بىلدۈرگەن.

جۈملىدە ئىش ـ ھەركەتنىڭ ھالىتىنى، سۈپىتىنى، قانداق ئىشقا ئاشقانلىقىنى بىلـ دۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەكنى ھالەت دەيمىز.

ھالەت ئادەتتە پېئىلدىن بولغان خەۋەرـ لەرنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ.

ھالەت قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ قەيەرـ دە؟ قاچان؟ نەدە؟ نىمە ئۈچۈن؟ كىم ئۈچۈن؟ نىمە سەۋەپتىن؟ دىگەندەك ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: بىز ئىشنى دەررۇ باشلىدۇق. (قانداق باشلىدىڭلار؟) دەررۇ ــ ھالەت.

ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگەردى. (قانداق ئۆزگەردى؟) تۇيۇقسىز ــ ھالەت.

سابىر ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئالىغا تولۇق جاۋاپ بەردى. (قانداق جاۋاپ بەردى؟) تولۇق ــ ھالەت.

مەن ئىشلەش ئۈچۈن كەلدىم. (نىمە ئۈچۈن؟) ئىشلەش ئۈچۈن ــ ھالەت.

بىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز. (كىم ئۈچۈن؟) خەلق ئۈچۈن ــ ھالەت.

127. كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ، ھالەتلەرنى تېپىڭلار. ئۇلارغا قانداق سوئاللارنى بېرىشكە بولىدۇ؟

تاڭ ئاتقاندا بىر توپ بالىلار دەرياغا ئالدىراپ

ماڭدى. ئۇلار ئۆيدىن چىققاندا، كۈن قىزىرىپ چىققان
ئىدى. ئۇلار يېرىم يولغا كەلگەندە قاتتىق شامال چىق-
تى. ئاسماننى بىر دەمدە بۇلۇت قاپلىدى. يامغۇر قاتتىق
ياغدى. يامغۇر چاپسانلا توختىدى. بىرئازدىن كېيىن
يەنە يامغۇر شاقىراپ قۇيۇۋەتتى. باللار يۈگۈرۈپ كەل-
گەن بويىچە ئىككى توپ يوغان دەرەخنىڭ تۈۋىگە
كەلدى. شۇ يەردە ئۇلار يېرىم سائەتكىچە قوزغالماي
تۇردى. كۆپ ئۆتمەي يامغۇر چىپپىدە توختىدى. بۇلۇت-
لارنىڭ ئارىسىدىن كۈن پارقىراپ چىقتى. باللار دەرياغا
يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. قارماقلىرىنى كەينى-كەينىدىن
تاشلىدى. ئۇلار بېلىقنى نۇرغۇن تۇتتى. كەچقۇرۇنلۇغى
ئالدىرىشىپ، ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

**128-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ ھا-
لەت بار جۈملە تۈزۈڭلار.

چاپسان، ئالدىراپ، پۇختا، ئاستا، يۈگۈرۈشۈپ،
پارقىراپ، تىرىشىپ، تۇيۇقسىز

**ئۈلگە:** بىز تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇن-
لىدۇق.

**129-كۆنۈكمە:** ئۆزەڭلار ھالەت بار بىرقانچە جۈملە
يېزىڭلار. ھالەتلەرنىڭ ئاستىغا سىزىپ تېگىشلىك سوئاللار-
نى بېرىڭلار.

**ئۈلگە:** بۈگۈن يامغۇر قاتتىق ياغدى. (قانداق؟)

## جۈملە بۆلەكلىرى توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

130-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئىگە-لەرنى تېپىڭلار. ئىگىنىڭ جۈملىدە قانداق ئورۇندا كەلگەن-لىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بىزنىڭ شەھەرنىڭ يېنىدىن چوڭ دەريا ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى سۈپ-سۈزۈك. دەريا بويىدا ئېگىز ۋە قېلىن دەرەخلەر بار. بۇ جاي دەم ئېلىشقا ناھايىتى ياخشى. بىز يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە شۇ يەرگە بارىمىز. باللار سۇغا چۆمۈلىدۇ ۋە بېلىق تۇتىدۇ. قىزلار گۈلەڭگۈچ ئۈچىدۇ. بىز چىمەنلىكلەردە ئولتۇرۇ-شۇپ كىتاپلارنى ئوقۇيمىز.

131-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارغا ئىگىلىك ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، جۈملە تۈزۈڭلار. تۈزگەن جۈملىلىرىڭلاردا شۇ ئىسىملار ئىگە بولسۇن.

مەكتەپ، شەھەر، گۈل، كىتاپ، ئەمگەك

132-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يې-زىڭلار. خەۋەرلەرنىڭ ئاستىغا سىزىپ، قايسى ئورۇندا كەل-گەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

كۆكلەم باغرىم كەل،
سېغىندىم سېنى.
ئوماق قوينۇڭغا،
تارتقۇل مېنى.
جاراڭلىسۇن ئېتىزدا،
ئەمگەك ئاۋازى.

سەيلە قىلسۇن ھەر ياندا،
باھار پەرۋازى.
كەتمەن ئالسۇن دىخان،
تىلغىسۇن يەرنى.
ئالتۇن تېپىش ئۈچۈن،
تۆكسۇن ساپ تەرنى.
ھەر بىر بوستان، ھەر ئورۇندا،
ناخشا ياڭرىسۇن.
بۇلبۇل ئۇچۇپ چىرىلداپ،
دۇتارغا قونسۇن.

**133. كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار. ئۇ سۆزلەر جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلسۇن.

گۈزەل، بەشىمىز، مەن، مەكتىۋى، ئىشلىدۇق

**134. كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ قانداق باغلىنىپ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

1. «1-ئىيۇن» بالىلار بايرىمى يېتىپ كەلدى. 2. بىز بايرامنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھەرخىل سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلىدۇق. 3. بايرام كۈنى ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق ئىدى. 4. بىز بايراملىق كىيىملىرىمىزنى كىيىپ، خوشال ھالدا مەكتەپكە كەلدۇق. 5. چوڭ يىغىن ئېچىلدى. 6. يىغىندا مەكتەپ مۇدىرى: «سىلەرنىڭ بايرىمىڭلارنى تەبرىكلەيمەن» دېدى. 7. يىغىندىن كېيىن تەييارلانغان

ئويۇنلىرىمىزنى قويدۇق.

135-كۆنۈكمە: تۆۋەندە جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەك-لىرى بېرىلگەن. ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى نۇرغۇن چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا ئىگىنى، سول تەرىپىدىكى نۇرغۇن چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا خەۋەرلەرنى قويۇپ، يېيىق جۈملە تۈزۈڭلار.

... باغدا مېۋىلەرنى ...

... كىتاپتىن بىلىم ...

... بەختلىك ھايات ...

... قىزىق ھېكايىلەرنى ...

... كۆچەتلەرنى ...

... يازلىق ساياھەتكە ...

ئۈلگە: ئالىم قىزىق ھېكايىلەرنى ئوقۇدى.

136-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە ئەگەشمە بۆ-لەكلەرنى قويۇپ، ئۇلارنى يېيىق جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار.

1. ئوقۇتقۇچى چۈشەندۈردى. 2. بىز ئوقۇيمىز.
3. گۈللەر ئېچىلدى. 4. ئالمىلار پىشتى. 5. يېزىغا باردىم.
6. ۋەزىپىنى ئورۇنلىدۇق.

137-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ماقالىلارنى كۆچۈرۈپ يې-زىڭلار. تولدۇرغۇچىلارنىڭ ئاستىغا سىزىپ، ئۇلارغا سوئال بېرىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. ياخشىلىق يەردە قالماس. 2. ئىش ئۆملۈكتە،

كۈچ بىرلىكتە. 3. تەڭ يىگەن تەڭگە سىڭەر، يالغۇزيە-
گەن يەرگە (سىڭەر). 4. ئادەمنىڭ ئېشىغا باقما، ئىچىگە
باق. 5. ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە
(يەر). 6. قولۇڭدىن كەلسە، ئەلدىن ئايىما.

138-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئېنىق-
لىغۇچىلارنى تېپىڭلار.

ئىگىز تاغ باغرىغا يېقىنلاشقىنىمىزدا تاغ تەرەپ-
تىن كەلگەن ئىللىق شامال يۈزىمىزنى ئەركىلەتكەندەك
سىلاپ ئۆتتى، يېقىملىق خۇش بۇي پۇراقلار دىما-
غىمىزغا ئۇرۇلدى. تاغنىڭ بۇ ساپ خۇش
پۇراقلىق ھاۋاسىدىن تويىماي نەپەس ئالىمىز. بۇ تازا ھاۋا
سىزگە چەكسىز ھوزۇر بېغىشلايدۇ. تاغنىڭ يان
باغرىغا نەزەر سالسىڭىز تېخىمۇ گۈزەل بىر مەنزىرىنى
كۆرىسىز. قىزىل، ئاق، سېرىق گۈللەر ئېچىلغان. ياڭاق
ۋە پىستە دەرەخلىرى بىر-بىرى بىلەن چىرمىشىپ، يۆگە-
شىپ، ئاسمانغا قاراپ باش تارتقان. تۈزلەڭ يەرگە يېشىل
رەڭلىك گىلەملەر يېيىلغان ئىدى. تاغ باغرىدىن بولسا
تولغىنىپ، ئايلىنىپ چۈشكەن ئېرىق-ئۆستەڭلەر ئۆزلىرى-
نىڭ سۈپ-سۈزۈك مۇزدەك سۇلىرىنى قاياقلارغىدۇ
ئاققۇزۇپ كېتەتتى.

139-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ
يېزىپ، ھالەتلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. ئەتىگەنلىكى كۈن قىزىرىپ چىقتى. 2. مەن
مەكتەپكە ناھايىتى چاپسان كەلدىم. 3. زەينەپ ئىشىكتىن

خوشال كىرىپ كەلدى. 4. بىزنىڭ بوگونكى پائالىيىتى-
مىز كۆڭۈللۈك ئۆتتى. 5. بىزنىڭ سىنىپىمىزنىڭ ئوقۇ-
غۇچىلىرى تىرىشىپ ئوقۇيدۇ. 6. غۇنچەم دەرسنى ئىخ-
لاس بىلەن تىڭشايدۇ. 7. رۇقىيە مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا
تولۇق جاۋاپ بەردى. 8. ئۇلار بىزگە ياردەم بېرىش
ئۈچۈن كەلدى.

五年制小学课本

语　法

（第二册）

新疆维吾尔自治区教育厅语文编写组编

（维吾尔文）

*

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى

تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزدى

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ شىنخۇا-باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

*

فورماتى: 787×1092 1/32 باسما تاۋاق: 3.5

1984 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى

1986 - يىل 6 - ئاي 3 - بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 162,000

بىرلەشمە نومۇرى: MK7129.1507

باھاسى: 0.22 يۈەن